ئابدۇقادىر داموللام ئىبنى ئابدۇلۋارىس قەشقەرى

# ئەدەب ئاچقۇچى

# مِفْتَاحُ الْأَدَبِ

ئابدۇقادىر داموللامنىڭ تەرجىمىھالى



شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

ئەدەب ئاچقۇچى

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

فَكَمْ أَنْتَ تَنْهَى وَلاَ تَنْتَهِي
وَتُسْمِعُ وَعْظًا وَلاَ تَسْمَعُ
فَيَا حَجَرَ الشَّحْذِ حَتَّى مَتَى
تُسِنُّ الْحَدِيدَ وَلاَ تَقْطَعُ

سەن قانچە قېتىم توسۇسەن، ھالبۇكى، ئۆزۈڭ يانمايسەن.
(قانچە قېتىم) نەسىھەت قىلىسەن، ئۆزۈڭ ئاڭلىمايسەن؟!
ھەي، بىلەيتاش، سەن قاچانغىچە
تۆمۈرنى ئىتتىكلىتىپ (نېمىشقا) ئۆزۈڭ كەسمەيسەن؟!

— مەزكۇر كىتابنىڭ ئاپتورى

ISBN 7-228-07016-X

ISBN 7-228-07016-X
H.472(维文) 定价:12.00元

# ئەدەب ئاچقۇچى

تۈزگۈچى: ئابدۇقادىر داموللام ئىبنى ئابدۇۋارىس قەشقەرى

نەشرگە تەييارلىغۇچى: ئابدۇلئەھەد ئەمر قۇتلۇق

شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى

www.uyghurkitap.com

图书在版编目(CIP)数据

道德指南/阿布都卡德尔·瓦日斯著；阿布来提·艾米尔译。
乌鲁木齐：新疆人民出版社，2002.2
ISBN 7—228—07016—X

Ⅰ.道… Ⅱ.①阿…②阿… Ⅲ.阿拉伯语—对照
读物，道德修养—维、阿 Ⅳ.H379.4:B

中国版本图书馆CIP数据核字(2002)第004288号

责任编辑：阿布里米提·伊明
责任校对：热那·阿布里米提
封面设计：玉苏甫江·达吾提

**道德指南**(阿、维对照)

阿布都卡德尔·瓦日斯　著
阿布来提·艾米尔　译
艾合买提江·伊布拉依木　审订

新疆人民出版社出版
(乌鲁木齐市解放南路348号　邮政编码830001)
新疆新华书店发行
同心电脑服务中心排版
乌鲁木齐忠美印刷有限公司印装
850×1168毫米 1/32开本 7.125印张 2插页
2002年2月第1版　2002年10月第1次印刷
印数：1——3000

ISBN 7228—07016—X/H.472　定价：12.00元
版权所有盗印必究　举报电话：(0991)2877704
13999249197

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ئابدۇقادىر داموللام ئەسەرلىرىدىن

«. . . س: (ئىسلامدا) ئىلىم ئۆگىنىش (نىڭ ھۆكۈمى) نېمە؟

ج: ئىلىم ئۆگىنىش — ئەر ـ ئايالغا پەرزدۇر. ئىلىم دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە سائادەتكە (ئېرىشىشكە) سەۋەبدۇر.

س: مىللەتنىڭ خار ۋە زەبۇن بولۇشىغا سەۋەب نېمىدۇر؟

ج: ئىككى نەرسىدۇر.

بىرى، بىلىمسىزلىك ۋە نادانلىق.

ئىككىنچىسى، تەپرىقچىلىق ۋە ئىختىلاپتۇر. ھەر قەۋم ۋە ھەر مىللەتنىڭ زەبۇن بولۇشىغا سەۋەب: نادانلىق ۋە ئىتتىپاقسىزلىقتۇر.

س: ئىززەت ـ ئابرۇي ۋە (كۈچ) قۇۋۋەت نېمە بىلەن بولۇر؟

ج: ئىلىم ـ مەرىپەت ۋە ئىتتىپاقلىق بىلەن بولۇر. بۇنىڭ ئۈچۈن جانابى ھەق بىزلەرنى ئىتتىپاقلىققا ئەمر قىلغاندۇر: ‹ھەممىڭلار ئەللاھنىڭ ئارغامچىسى (ئەللاھنىڭ دىنى) غا مەھكەم يېپىشىڭلار، ئايرىلماڭلار[قۇرئان كەرىم 2 ـ سۈرە 103 ـ ئايەتنىڭ بىر قىسمى]›.»

(«ئەقائىد زۆرۈرىيە» ناملىق كىتابىدىن ئېلىندى.)

إنّ من الشعر لحكمة وإنّ من البيان لسحرا

القسم الأول من

# كتاب مفتاح الأدب لفهم كلام العرب

اثر عبد القادر بن عبد الوارث عفى الله عنهما

شرح دوای اثر ایکی جلدلی مصباح الادب دور

درحقیقت نسخهٔ باب گنج آداب عرب دور

طبع حقوقی جامعنه عائددور

در مطبعهٔ غلامیه طبع شد

فی سنه ۱۳۲۸ بقلم سراج الدین مخدوم

[illegible] Ташкентъ

مەركۇر كىتابنىڭ ھىجرىيە 1328- يىلى (مىلادىيە 1910- يىلى) ئۆزبېكىستان تاشكەنت غۇلامىيە مەتبەئەسىدە

بېسىلغان نۇسخىسىنىڭ مۇقاۋىسى .

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com


بسم الله الرحمن الرحيم

قەدىمى نۇسخىسىنىڭ 2- بېتى.

[illegible] عربیه‌نینک [illegible] [illegible]

[illegible] عرب شعرلاریدین [illegible] [illegible]

و امیرالمؤمنین سیدنا عمر الفاروق حضرتلاری منبرده أَفَأَمِنَ الَّذِينَ مَكَرُوا السَّيِّئَاتِ

آیت کریمه‌سینی اوقوب أَوْ يَأْخُذَهُمْ عَلَى تَخَوُّفٍ دیب توب صحابه کرام‌لاردین بو آیت

معنی‌سیدین سوراشلاریغه [illegible] تخوف سوزی‌نینک معنی‌سیدین [illegible] صحابه کرام [illegible] سکوت

ایتکانلاریده [illegible] امیرالمؤمنین التخوف التنقص [illegible] عمر حضرتلاری [illegible]

| | |
|---|---|
| عرب [illegible] شعرده [illegible] بار مو دیب [illegible] | |

| | |
|---|---|
| تخوّف الرحل منها تامكا قردا | كما تخوّف عود النبعة السفن |

یعنی تنقص [illegible]

امیرالمؤمنین صحابه کرام‌غه خطابا عليكم بديوانكم لا تضلوا یعنی [illegible]

[illegible] ضلالته [illegible] صحابه کرام [illegible]

عمر حضرتلاری شعر الجاهلية فإن فيه تفسير كتابكم ومعاني

كلامكم [illegible] بیضاوی [illegible] تفسیرده [illegible]

[illegible] اشعاری حضرت عمر [illegible] لسان عربیه نازل بولغان قرآن کریم

تفسیرینی [illegible] علماء اسلام [illegible] کلام عرب [illegible]

www.uyghurkitap.com

تسهيل ايچون اشعار عربيه نى قواعد عربيه اصول تربيه سى تورليك مذهب بو قواعد و اصول
واسطه سى بيلن اسلامى كتاب الله احاديث رسول الله بيلكر ارشاد و دلالت ايتيشه
رضى الله عنهم آنا غايت تاسفنك بزمنده مز علم طلبه لارى بونداغ اصول اوچينچى
عربيه لاره قيموب يلى بيل عمرلاريني مقدمات منطقيه و فلسفه موهوميه يونانيه تحصيل
صرف ايديب علوم آليه بيلان جد و جهد لارينى صرف ايدورلار علوم عاليه تحصيل ايتمكدين
تيليور فلسفه يونانيه مقدمات منطقيه باغلارى تحصيل لارى بيرلا تن قسه
علما اسلام شريعت اسلاميه نى دين القيدلار بو شعرده طلبه علم لارى

كل عصرده كى علم قرآن و حديث شعر شو شعر القائل

| | |
|---|---|
| كل العلوم سوى القرآن مشغلة | إلا الحديث وإلا الفقه في الدين |
| العلم ما كان فيه قال حدثنا | وما سوى ذاك وسواس الشياطين |

وقال آخر

| | |
|---|---|
| أهل الحديث هم أهل النبي وإن | لم يصحبوا نفسه أنفاسه صحبوا |

وقال آخر

| | |
|---|---|
| أيها المقتدي ليطلب علما | كل علم عبد لعلم الرسول |
| تطلب الفرع كي تصحح أصلا | كيف أغفلت علم أصل الأصول |

گر بو طلبه‌لار غه تحصیل علوم و پرورش و دوام ایدیب بو سعادتلی اسلام قانونلارینکا ذهاب ایلادان

تعلیم احکام شرعیه‌نی علمالار کلی ایتسه‌لر اصلاح ملت لازم ایشدور. بو حکیم‌لار احکام شرعیه

اسعدلار بیر نچه نکته‌لار تصرفات موضعیه‌لاریندن هیچ کیم غافل ایماس‌لار شعر

| | |
|---|---|
| کیف یرجی الصلاح فی امر قوم | ضیّعوا الحزم فیه ای ضیاع |
| فمطاع المقال غیر سدید | وسدید المقال غیر مطاع |

غایت تضرع و تأسف ایله عرض ایلادورکم ترکستان صاحب اقتدارلاریندن رجا ایدرکم

غیرت دینیه مقتضاسیچه بو مکتب‌نی تربیت ایلاسون‌لار. بلکه علوم اسلامیه‌نی سلف صالحین

آثارلاری کبی ارشاد ایلاکای‌لار و علوم فنون معارف عالیه تحصیلیگه ترغیب ایلاکای‌لار والسلام

علی من اتبع الهدی. بو کیتابچه‌نینگ ضرورتی تصوری باعث تحصیل انی عموم اهل تحصیل‌لارغه تشویق

تیشیل. بیلنگ عرب دیوان‌لاریدین حکم نیچ حماسه فخر غزل زهدیات خمریات

عتاب رثا تاریخ خصوصا لارنینگ اشعار لطیفه‌لاری انتخاب و عمادلار ایکی

قواعد عربیه اصول عربیه‌لارینینگ معانی بیان بدیع عروض قوافی‌لارغه تعلق بولغان

لاری جمع ایدوب بو مجموعه‌نی ایکی قسمغه تقسیم قیلدیم اول قسم اون باب قسم ثانی ایکی باب ایله ترتیب

ودیگر مختصر المفتاح‌ده مذکور اولان ابیات‌لاری حل ایدوب بو مجموعه‌نی الحاق ایلدیم تاکه

بو مجموعه عزیزه طلبه‌لاریغه فصاحت و بلاغت و دیگر فنلارنینگ صنعتلاری عجیبه معانی سیله بیلدیرگیشی

شایدکه دوادین لغادال لطائف بلاغت لار واسطه سی بیله بو تفاسیر بجار لاری نی فصل لار و معرفت
اهلاری دین کشی لرین کل لاری کالمایدور دیب الشاعر لاری لسانه بو محمود الطیفی فی مفتاح الادب
لغوی کلام العرب الشعریه مناسب کورلدی اسال الله العصمة والاعانة وحسبی ونعم الوکیل

بسم الله الرحمن الرحیم

القسم الاول فی الاشعار اللطیفة البلیغة وهی علی عشرة ابواب الباب الاول فی الحکم وما یناسبها من الآداب

| | |
|---|---|
| ما وهب الله لامرئ هبة | أحسن من عقله ومن أدبه |
| هما جمال الفتى فإن فقدا | ففقده للحياة أجمل به |

ولآخر

| | |
|---|---|
| وكل فضيلة فيها سناء | وجدت العلم من هاتيك أسنى |
| فلا تعتد غير العلم ذخرا | فإن العلم كنز ليس يفنى |

ولآخر

| | |
|---|---|
| فتعلم العلم تعش حيا به أبدا | الناس موتى وأهل العلم أحياء |

ولآخر

| | |
|---|---|
| تعلم يا فتى فالجهل عار | ولا يرضى به إلا حمار |

مطبعه دی [illegible]     مكتبة السعداء الرفعة [illegible]

ئەسلى نۇسخىنىڭ 6-بېتى.

غالى بنفسي عرفاني بقيمتها ... فصنتها عن رخيص القدر مبتذل

وعادة النصل أن يزهى بجوهره ... وليس يعمل إلا في يدي بطل

ما كنت أوثر أن يمتد بي زمني ... حتى أرى دولة الأوغاد والسفل

تقدمتني رجال كان شوطهم ... وراء خطوي إذ أمشي على مهل

هذا جزاء امرئ أقرانه درجوا ... من قبله فتمنى فسحة الأجل

وإن علاني من دوني فلا عجب ... لي أسوة بانحطاط الشمس عن زحل

فاصبر لها غير محتال ولا ضجر ... في حادث الدهر ما يغني عن الحيل

أعدى عدوك أدنى من وثقت به ... فحاذر الناس واصحبهم على دخل

فإنما رجل الدنيا وواحدها ... من لا يعول في الدنيا على رجل

وحسن ظنك بالأيام معجزة ... فظن شرا وكن منها على وجل

غاض الوفاء وفاض الغدر وانفرجت ... مسافة الخلف بين القول والعمل

يقال غالى بالحرا اي اشتراه بثمن غال [illegible] جمع الوغد وهو [illegible]
الدني والذي يخدم بطعام بطنه يقال [illegible] يعني كثيرا ما يكون
شريف النفس منحطا ذليلا من الاراذل والوضيع كما ان الشمس منحطة درجة
من زحل مع ان زحل يقال له النحس الاكبر بزعم المنجمين [illegible] المكر والخديعة
يقال غاض الماء قل ونضب [illegible] النهر [illegible]

قولنى نۇسخىنىڭ 94.. بېتى.

دشأن مسن تك بين الناس كذبهم ... وهل يطابق معوج بمعتدل

ان كان ينجع شئ في ثباتهم ... على العهود فسبق السيف للعزل

يا واردا سوّار عيش كله كدر ... انفقت صفوك في ايامك الاول

فيم اعتراضك لج البحر تركبه ... وانت تكفيك منه مصة الوشل

ملك القناعة لا يخشى عليه ولا ... يحتاج فيه الى الانصار والخول

ترجو البقا بدار لا ثبات لها ... فهل سمعت بظل غير منتقل

ويا خبيرا على الاسرار مطلعا ... اصمت ففي الصمت منجاة من الزلل

قد رشحوك لامر ان فطنت له ... فاربأ بنفسك ان ترعى مع الهمل

ثم من الشيخ هو صدر الدين من الامثال السائرة ا الاعراض
الوقوع اى الماق قليل قول الرجل حشمه واحده خائل بقال
عملت عين اى ناضت وبابه نصر الحمد لله اولا وآخرا والصلوة
على حبيبه وعلى آله وصحبه دائما ابدا

تم القسم الاول من مفتاح الادب ويتلوه القسم الثاني منه وهو في
خلاصة المعاني والبيان والبديع والعروض
والقوافي وحل الابيات الواقعة
في تلخيص المفتاح

# مَضَامِيْنُ


سِيْرَةُ عَبْدِالْقَادِرِ ابْـنِ عَـبْدِ الْوَارِثِ عَـفَى اللهُ عَنْهُمَا اَلْمُلَقَّبُ بِالْغَازِى ............................................ (1)

كَلِمَةُ النَّاشِرِ بِالأُوِيْغُورِيَّةِ ............................................ (1)

مُقَدّمةُ ............................................ (1)

أَلْبَابُ الأَوّلُ فِى الْحِكَمِ وَمَايُنَا سِبُهَا ............................................ (1)

أَلْبَابُ الثَّـانِـى فِـي الْمَـدِيْحِ وَمَـا يُنَاسِبُهُ مِـنَ الْكَـلاَمِ فِى الْجُوْدِ ............................................ (37)

أَلْبَابُ الثَّالِثُ فِي الْحَمَاسَةِ ............................................ (65)

أَلْبَابُ الرَّابِعُ فِى الْفَخْرِ ............................................ (75)

أَلْبَابُ الْخَامِسُ فِى الْغَزَلِ ............................................ (87)

أَلْبَابُ السَّادِسُ فِى الْعِتَابِ ............................................ (125)

أَلْبَابُ السَّابِعُ فِي الزُّهْرِ ............................................ (131)

أَلْبَابُ الثَّامِنُ فِي الرَّثَاءِ ............................................ (137)

أَلْبَابُ التَّاسِعُ فِـي التَّأْرِيْخِ ............................................ (155)

أَلْكَلِمَاتُ الْغَرِيْبُ فِى الأَثَرِ ............................................ (171)

# مۇندەرىجە

ئابدۇقادىر داموللامىنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى
يالقۇن روزى........................................1
نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن..............................1
مۇقەددىمە.............................................1
1. باب بىلىم ـ ھېكمەت ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك
نەرسىلەر توغرىسىدا.....................................1
2. باب مەدھىيە، سېخىيلىق ۋە بېخىللىق ھەققىدە..... 38
3. باب باتۇرلۇق ھەققىدە..............................66
4. باب پەخىرلىنىش ھەققىدە........................... 76
5. باب غەزەللەر ھەققىدە.............................88
6. باب كايىش ھەققىدە ھەققىدە.......................126
7. باب گۈل ھەققىدە..................................132
8. باب مەرسىيىلەر...................................138
9. باب تارىخ ھەققىدە................................156
كىتابتا ئۇچرايدىغان قىيىن سۆزلۈكلەر..................171

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# ئابدۇقادىر داموللامنىڭ قىسقىچە تەرجىمھالى

ئىسلامىيەت تارىخىدا 18~ 19- ئەسىرلەر مىسلىسىز پاجىئەلىك دەۋر ھېسابلىنىدۇ. چۈنكى بۇ ئەسىرلەردە ئىسلامىيەت دۇنياسىدىكى دۇنياۋى ئىككى چوڭ ئىمپېرىيە بولغان تۈرك ئوسمان ئىمپېرىيىسى بىلەن تۈرك موغۇل ئىمپېرىيىسى كۆنسېرى ئاجىزلىشىپ قەدەممۇ قەدەم ھالاكەتكە يۈزلەنگەن ھەم ئاخىرقى ھېسابتا يوقىتىلغان. ماۋەرائۇننەھر ۋادىسىدىكى، ئافغانىستان ۋە ئىران ئېگىزلىكىدىكى ئۇششاق ئىسلام خانلىقلىرىنىڭ ھالىمۇ ئوخشاش قىسمەتكە مۇپتىلا بولغان. بۇ ئەسىرلەردە يەنە ئىسلامىيەتنىڭ ئىچكى قىسمىدا ئۇزاقتىن بېرى يامراپ كېلىۋاتقان ھەرقايسى مەزھەپلەرنىڭ بىدئەت قاراشلىرى ۋە چاكىنا تەشەببۇسلىرى كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ ئەقىدە — ئېتىقادلىرىنى ئىزىدىن چىقىرىۋەتكەن. بولۇپمۇ، سوپى — ئىشانلار گۇرۇھى بارلىق ئىسلام ھۆكۈمرانلىرىنىڭ سەلتەنەتىگە سالجىدەك چاپلىشىۋېلىپ ئۇلارنىڭ رېئال دۇنيا ھەققىدىكى جەڭگىۋار قاراشلىرىنى چىرىتىپ، تەركىدۇنيالىقنى ئەڭ ئالىي ئەخلاق دەپ داۋراڭ سېلىپ، ئۇلارنىڭ ئىجتىمائىي ھايات سەھنىسىدىن بەخت ئىزدەش غايىلىرىنى سىرلىق خىيالىي تۇيغۇلىرىدىن قانائەت ئىزدەيدىغان ئەھمىيەتسىز ئۇرۇنۇشلارغا بۇرىۋەتكەن. مۇسۇلمانلار جامائىتىنى بولسا ئىزدىنىش — كۈرەش جاسارىتى

كەمچىل، مەرىپەت روھى سۇس، ئەقىل كۆچى زەئىپ، ئىمانى مۇجمەل، ئەخلاق ساپاسى تۆۋەن ئاڭقاۋ جامائەتكە ئايلاندۇرۇپ، خار - زارلىق كوچىسىدا قېقىلىپ - سوقۇلۇپ ياشاشنى ھار ئالمايدىغان ھۇرۇن، چېچىلاڭغۇ، بوشاڭ، قاشاڭ ئىللەتلەرنىڭ پاتقىقىغا پاتۇرۇۋەتكەن.

دېمەك، ئىسلامىي ھاكىمىيەتلەرنىڭ زەئىپلىشىشى، مۇسۇلمانلارنىڭ چۈشكۈنلىشىشى ئېغىر تارىخىي يۈزلىنىش بولۇپ قالغان مۇشۇ دەۋرلەردە دەل بۇنىڭ ئەكسىچە ياۋروپا ئەللىرى كۈنسېرى ئويغىنىپ، كۈچىيىپ بارماقتا ئىدى. ئۇلارنىڭ مەرىپەت روھى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئويغىنىپ ھەر جەھەتتىن قۇدرەت تېپىۋاتاتتى. ئۇلارنىڭ توپ - زەمبىرەك بېكىتكەن يەلكەنلىك كېمىلىرى دېڭىز - ئوكيانلارنى تىنىمسىز كېزىپ، زامانىۋى قوشۇنلىرى سەلدەك يامراپ يېڭىدىن - يېڭى مۇستەملىكە زېمىنلارنى ئىزدىمەكتە ئىدى. بولۇپمۇ، قارا نىيىتى ئۇرغۇپ تۇرغان بىرىتانىيە ئىمپېرىيىسى بىلەن چاررۇسىيە ئىمپېرىيىسىنىڭ بەس - بەس بىلەن زېمىن كېڭەيتىشى نەتىجىسىدە ئىسلامىيەت دۇنياسى شىمالىي ئافرىقا، ھىندىستان چوڭ قۇرۇقلۇقى ۋە تۇران تۈزلەڭلىكىدە كەينى - كەينىدىن پاجىئەلىك قىسمەتكە دۇچار بولۇپ، قۇللۇق كىشەنلىرى بىلەن چەمبەرچاس باغلىنىپ، ئۆزىنىڭ تارىخىي دۈشمەنلىرىنىڭ ھۆكۈمرانلىقىنى چەكسىز ھەسرەت ئىلكىدە قوبۇل قىلىشقا مەجبۇر بولماقتا ئىدى.

مانا مۇشۇنداق ئېغىر تارىخىي كۈلپەت ئىسلامىيەت دۇنياسىنىڭ دىنىي شان - شۆھرىتىنى، مىللىي ئەرك - ھوقۇقىنى ۋە مەرىپەتچىلىك روھىنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش ئۈچۈن پىداكارلىق كۆرسىتەلەيدىغان شىر يۈرەك مىللىي داھىيلار بىلەن

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئوت يۇرەك مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئوتتۇرىغا چىقىپ كۆلپەتتىن قۇتۇلۇشنىڭ يوللىرى ئۈستىدە ئىزدىنىشى ۋە تەپەككۇر يۈرگۈزۈشىنى تەقەززا قىلدى.

زادى قانداق قىلغاندا قۇللۇق كىشەنلىرىنى ئۈزۈپ تاشلاپ، ئەقىدىنى ساپلاشتۇرۇپ، مىللىي ئاڭنى ئويغىتىپ، مەرىپەت روھىنى تىكلىگىلى، خارلىق، ئىتتىپاقسىزلىق، بوشاڭلىق، قاشاڭلىق، خۇراپاتلىق ئىللەتلىرىگە خاتىمە بېرىپ ئويۇشقىلى، كۆچەيگىلى، زورايغىلى بولىدۇ؟ مانا بۇ ئىسلامىيەت دۇنياسىدىكى دىنىي مۇتەپەككۇرلار بىلەن مىللىي داھىيلار پىداكارلىق بىلەن ئىزدىنىدىغان، ئويلىنىدىغان جىددىي تېما ئىدى.

ئۇلۇغ مەنىۋى يېتەكچى، دىن ۋە مىللەتنىڭ پىداكارى، ھازىرقى زامان مەدەنىيەت تارىخىمىزنىڭ شانلىق ئىپتىخارى، ئۇيغۇر يېڭى مائارىپىنىڭ ئاساس سالغۇچىسى، ئوت يۈرەك ۋەتەنپەرۋەر، مەرىپەتپەرۋەر، ھۆرىيەتپەرۋەر دىنىي ئالىم ئابدۇقادىر داموللام 20- ئەسىرنىڭ بېشىدا خەلقىمىز ئارىسىدىن چىققان ئەنە شۇنداق ئوي ــ ئارزۇدىكى گىگانت زات ئىدى. ئابدۇقادىر داموللام بىلەن زامانداش مەشھۇر ئالىم، ئاتاقلىق شائىر، داڭلىق تېۋىپ ھۆسەيىنخان ئەكبەر تەجەللى ھەزرەتلىرى ( 1856 —— 1925) نىڭ تىلى بىلەن ئېيتقاندا ئابدۇقادىر داموللام نازۇكلۇقتا روھقا، ئىرادىسىنىڭ مۇستەھكەملىكىدە تاغقا، ئىلمىنىڭ موللۇقىدا دېڭىزغا ئوخشايتتى. (1)

ئابدۇقادىر داموللامنىڭ تولۇق ئىسمى داموللا ئابدۇقادىر ئىبنى ئابدۇلۋارىس، تەخەللۇسى « غازى» ئىدى. «قەشقەرى» دېگەن

---

(1) «تەجەللى شېئىرلىرىدىن» ــ مىللەتلەر نەشرىياتى، 2000- يىلى نەشرى. 104- بەت

تەخەللۇسىنى قوشۇپ ئاتىغۇچىلارمۇ بار.

ئابدۇقادىر داموللام 1862 ـ يىلى قەشقەر ئاتۇشىنىڭ مەشھەدكە تۇتاش باغئىبرىق كەنتىدە دۇنياغا كەلگەن.(1)

مەشھەد ـــ قاراخانىيلار خانلىقىنىڭ ئەڭ مەشھۇر خاقانى سۇلتان ساتۇق بۇغراخان بىلەن ئۇنىڭ ئۇستازى ئەبۇ نەسىر سامانى دەپنە قىلىنغان مەشھۇر جاي. تارىختا ئۆتكەن سەلتەنەت ئىگىلىرى بىلەن مەشھۇر ئۆلىمالار سۇلتان ساتۇق بۇغراخان بىلەن ئەبۇ نەسىر سامانىنىڭ ھۆرمىتى ئۈچۈن، قەبرىگاھ يېنىغا مەسچىت، مەدرىسە، خانىقالارنى بىنا قىلغان. ئابدۇقادىر داموللام باشلانغۇچ مەلۇماتنى مانا مۇشۇ يەردىكى «ھەزرىتى سۇلتانىيە مەدرىسە» سىدىن ئالغان. يېشى 15 لەرگە يەتكەندە قەشقەر شەھىرى ئوردا ئالدىدىكى ئالىي بىلىم يۇرتى «خانلىق مەدرىسە» گە ئوقۇشقا كىرىپ مۇنتىزىم تەربىيە ئالغان.

---

(1) تەتقىقاتچى ئابدۇرېھىم سابىت ئەپەندى «ئابدۇقادىر داموللام ۋە «مىفتاھۇل ئەدەب»» ناملىق ماقالىسىدە ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئوغلى ئابدۇلئەزىز مەخسۇمنىڭ بەرگەن مەلۇماتى بويىچە ئابدۇقادىر داموللامنى ھىجرىيە 1278 ـ يىلى (مىلادىيە 1854 ـ، 1855- يىللىرى) تۇغۇلغان دەپ يازغان. ئابدۇقادىر داموللامنىڭ 1985 ـ يىلى سەئۇدى ئەرەبىستانىدا قايتا بېسىلغان «تەجۋىد تۈركى» ناملىق كىتابىنىڭ ئاخىرىدا مىلادىيە 1881- يىلى تۇغۇلغان دەپ كۆرسىتىلگەن. مەن ئاپتونوم رايونىمىزدا نەشر قىلىنغان گېزىت ـ ژۇرناللاردا ۋە كىتاب ـ ماتېرىياللاردا بىردەك ئېلىنىپ ئومۇملىشىپ قالغىنى بويىچە يەنىلا 1862- تۇغۇلغان دەپ ئېلىشنى مۇۋاپىق تاپتىم. بۇ ھەقتىكى تەتقىقات چوڭقۇرلىشىپ، ئېنىق پاكىت بىلەن مۇقىملاشتۇرۇلغىچە 1862 ـ يىلى تۇغۇلغان دەپ ئېلىۋېرىشنى توغرا دەپ قارايمەن. مۇشۇ بويىچە بولغاندا، ئابدۇقادىر داموللام 62 يېشىدا شېھىد بولغان بولىدۇ.

ئەينى يىللاردا بۇخارادا ئوقۇش دىنىي ئىلىمدە ئەللامە بولۇشنىڭ يولى ئىدى. چۈنكى، بۇخارا ئىسلام دىنى ئىلمى بويىچە نوپۇزلۇق ئالىملار ۋە مەشھۇر مەدرىسىلەر توپلانغان جاي ئىدى. شۇڭا، كىشىلەر «سەمەرقەند سەيقىلى ئالەم، بۇخارا قۇۋۋىتى ئىسلام»① دەپ تەرىپلىشەتتى.

ئابدۇقادىر داموللام قەشقەر «خانلىق مەدرىسە» سىدە ئىگىلىگەن بىلىملىرىگە قانائەت قىلماي، دىنىي ئىلىمدە كامالەتكە يېتىش ئۈچۈن بۇخاراغا بېرىپ، ئۇ يەردىكى «ئابدۇلئەزىزخان مەدرىسە»سىگە ئوقۇشقا كىرىپ، دىنىي ئىلىمنىڭ ھەرقايسى تۈرلىرى بويىچە كامالەتكە يېتىپلا قالماستىن، ئەدەبىيات، تارىخ، جۇغراپىيە، ئىلمىي مەنتىق، ھېساب پەنلىرىنى ۋە ئەرەب، پارس، ئوردۇ تىللىرىنى پىششىق ئىگىلىگەن. ئۇ بۇخارادا مەۋلانە ئابدۇرازاقى، بۇخارا مۇپتىسى داموللا ئەۋز خوجەندى، قوقەندنىڭ شەيخۇلئىسلامى داموللا ئۇلۇغخان تۆرەملەردىن دەرس ئالغان. ساۋاقداشلىرى ۋە مەسلەكداش دوستلىرى ئۇرال تاتارلىرىدىن بولغان رىزائىددىن پەخرىدىن، مۇسا جارۇللا، ئەھمەد پەرىدى ئابباس قاتارلىقلار بىلەن بەسلىشىپ ئىلىم ئۆگەنگەن، دىن ۋە مىللەت دۇچ كېلىۋاتقان مەسىلىلەر ئۈستىدە ئورتاق پىكىر يۈرگۈزۈشكەن.

---

① «سەمەرقەند سەيقىلى ئالەم، بۇخارا قۇۋۋىتى ئىسلام» دېگەن بۇ ئۇلۇغلاشنىڭ تارىخىي سەۋەبى بار بولۇپ، بۇ تۇراننىڭ ئۇلۇغ ھۆكۈمرانى ئەمىر تۆمۈر (1335 ~ 1405) نىڭ سەمەرقەندنى دۇنيا بويىچە ئەڭ كاتتا شەھەر قىلىپ قۇرۇپ چىققانلىقى بىلەن مۇناسىۋەتلىك. شۇڭا، كىشىلەر «سەمەرقەند سەيقىلى ئالەم» (سەمەرقەنت ئالەم ئۈزۈكىنىڭ كۆزى) دەپ ماختاشقان. بۇخارامۇ ئىلىم ــ مەرىپەت جەھەتتىكى شۆھرىتى بىلەن «ئىسلامنىڭ قۇۋۋىتى» دەپ تەرىپلەنگەن.

ئابدۇقادىر داموللام ئوقۇشنى تاماملىغاندىن كېيىن سەمەرقەند، ئۇفالاردا مۇدەررىسلىك قىلغان. مۇدەررىسلىك قىلىش جەريانىدا دەرسلىك ئېھتىياجىنى كۆزدە تۇتۇپ «ئاقائىد زۆرۈرىيە»، «ئىبادەت ئىسلامىيە» ناملىق كىتابلارنى تۈزۈپ ئۇفادا باستۇرۇپ تارقاتقان.

ئابدۇقادىر داموللام قەشقەرگە قايتىشتىن ئىلگىرى ئىستانبۇل، قازان، خوجەنت، تاشكەنت قاتارلىق جايلاردا ئىلمىي زىيارەتتە بولۇپ، ئەينى يىللاردا ئوتتۇرا ئاسىيادىكى تاتار مەرىپەتچىلىرى يولغا قويغان يېڭىچە ئوقۇتۇش شەكلى — «ئۇسۇلى جەدىد»نىڭ ئەنئەنىۋى ئوقۇتۇش شەكلى — «ئۇسۇلى قەدىمىي» دىن كۆپ ئىلغار ھەم ئۈنۈملۈك ئىكەنلىكىنى تونۇپ يەتكەن.

ئوتتۇرا ئاسىيا مائارىپىدا «ئۇسۇلى جەدىد» نى بارلىققا كەلتۈرۈشتە ۋە ئومۇملاشتۇرۇشتا باشلامچى بولغان كىشى تاتار مىليونېر غەنىباي ئىدى. ئۇ كۆپنى كۆرگەن، سېخىي، مىللەتپەرۋەرلىك روھى ئۇرغۇپ تۇرىدىغان كىشى بولۇپ جاي — جايلاردا سودا - سېتىق قىلىش جەريانىدا ياۋروپا مىللەتلىرىنىڭ تەرەققىياتى ۋە مەدەنىيەت سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى ئىكەنلىكىنى ھېس قىلغان ھەم بۇنىڭ سەۋەبى ئۈستىدە كۆپ ئويلانغان. ئۇ بۇ سەۋەبنى تەبئىي ھالدا مائارىپقا باغلاپ چۈشەنگەن.

1893 — يىلى ئىيۇندا، غەنىباي سەمەرقەند شەھىرىگە باردۇ. ئۇ سەمەرقەنتتىكى بىر مېھماندارچىلىقتا قىرىملىق تاتار زىيالىسى، مەشھۇر مەدەنىيەت ئەربابى ئىسمايىلبېك غاسپىرالى ئەپەندى قاتارلىق 20 نەچچە بىلىملىك زات بىلەن بىللە بولۇپ قالىدۇ. بۇ سورۇندا ئۇ ئۆزىنىڭ ئويلىرىنى ئۇلارغا سۆزلەپ بېرىپ، ئەينى ۋاقىتتىكى مەدرىسلەرنىڭ ئەھۋالىنى، ئوقۇتۇش ئۇسۇلىنىڭ قالاقلىقىنى، شۇڭا يېڭىچە ئوقۇتۇش ئۇسۇلى تېپىشنىڭ زۆرۈرلۈكىنى ئېيتىدۇ. سورۇندىكىلەر ئۇنىڭ

www.uyghurkitap.com

سۆزىنى توغرا تاپىدۇ ۋە سەمەرقەنت شەھرىدە يېڭىچە مەكتەپ ئېچىپ سىناق قىلماقچى بولۇشىدۇ. غەنىباي مەكتەپ ئېچىشنىڭ بارلىق ئىقتىسادىي خىراجىتىنى ئۈستىگە ئالىدۇ. ئىسمايىلبېك ئەپەندى بولسا دەرسلىك ۋە ئوقۇتقۇچى تېپىش ئىشلىرىنى ئۈستىگە ئېلىپ، باكۇلۇق ئوقۇتقۇچى سۇلتان مەجىد غەنىزاتىنى ئوقۇتقۇچىلىققا تەكلىپ قىلىدۇ. بۇ تەييارلىقلار پۈتكەندىن كېيىن، سەمەرقەند شەھرىدىن ئوتتۇزغا يېقىن بالىنى يىغىپ بىر سىنىپ قىلىپ «ئۇسۇلى جەدىد» چە ئوقۇتۇشنى يولغا قويۇپ دەرس باشلايدۇ. دەرس ئۆتۈلۈپ قىرىق كۈنگىچە ئوقۇغۇچىلارنىڭ ساۋادى چىقىدۇ. سىناق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولىدۇ. كىشىلەرمۇ ئاپىرىن ئوقۇشىدۇ. شۇنىڭ بىلەن ئوتتۇرا ئاسىيادا «ئۇسۇلى جەدىد» چە ئوقۇتۇشنى يولغا قويۇشنىڭ يولى ئېچىلىدۇ.

مەرىپەتپەرۋەر مىليونېر غەنىباي ئورىنبۇرگ، قارغالى شەھەرلىرىدە ئارقا – ئارقىدىن سىناق ئېلىپ بېرىپ كەڭ تاتار ئاممىسىغا جەدىتچە ئوقۇتۇشنىڭ ئىلغارلىقى ۋە ئۈنۈملۈكلۈكىنى نامايان قىلىدۇ. غەنىباي جەدىدچە مائارىپ ئۇسۇلىنى پۈتكۈل تاتار خەلقىگە ئومۇملاشتۇرۇش ئۈچۈن 1902 - يىلى ۋاپات بولغانغا قەدەر كۈرەش قىلىدۇ. مىللەتپەرۋەر زىيالىيلار ئۇنىڭغا بار كۈچى بىلەن ھەمدەمدە بولىدۇ. نەتىجىدە، تاتار مىللىتىنىڭ مائارىپ ئىگى مىسلى كۆرۈلمىگەن دەرىجىدە ئۇيغىنىپ 1900 – يىللارنىڭ بېشىدا تاتار خەلقى ئارىسىدا باشلانغۇچ مائارىپ ئاساسىي جەھەتتىن ئومۇملىشىدۇ. (1)

---

(1) مالىك چانىشىق (تاتار) «جۇڭگو تاتار مائارىپ تارىخى»، شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2001 – يىلى نەشرى.

تارىخىي نۇقتىدىن ئېيتقاندا تاتار مەرىپەتچىلىرىنىڭ مەدەنىيەت جەھەتتىكى ئويغىنىش ھەرىكىتى رۇسىيە قوشۇنلىرىنىڭ ئۇرال تاغلىرىدىن ھالقىپ ئۆتۈپ تاتار مىللىتىنىڭ زېمىنلىرىنى بىر — بىرلەپ ئىگىلەپ، ئۇلارنىڭ بىر پۈتۈنلۈككە ۋە ماددىي مەنپەئىتىگە قوشلاپ زەربە بېرىشى نەتىجىسىدە شەكىللىنىشكە باشلىغان. بۇنداق زور مىللىي خەۋپ ئاستىدا تاتار خەلقى ئۆزلىرىنىڭ مىللىي مەۋجۇتلۇقىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن ئەنئەنىۋى مەدەنىيەت سىستېمىسىدىكى قالاقلىقلارنى ئىسلاھ قىلىپ ئىسلام دىنى بىلەن يېڭىچە مائارىپنى ماسلاشتۇرۇشقا تۇتۇش قىلغان. بۇ تارىخىي ئويغىنىشنى بىر تۈركۈم تالانتلىق تاتار مۇتەپەككۇرلىرى بىلەن تاتار ملىيونېرلىرى روياپقا چىقارغان. ئۇلارنىڭ ئويغىنىش ھەرىكىتى ئوتتۇرا ئاسىيادا مىسلى كۆرۈلمىگەن بىر ئىدىيۋى ئېقىمنى شەكىللەندۈرگەن. قازان، ئورېنبۇرگ، ترويىسكى، ئاستراخان قاتارلىق تاتار شەھەرلىرى بۇ خىل ئىدىيۋى ئېقىمنىڭ مەركەزلىرى بولۇپ مەدرىسە، نەشر بويۇملىرىنىڭ تەسىرى يىراق — يېقىندىكى قېرىنداش خەلقلەر ئارىسىدا زىلزىلە قوزغىغان. 1905 — 1906- يىللىرى تۆۋەن نوۋگورود ۋە سانكىت پېتېر بۇرگدا تاتار مەرىپەتچىلىرى باشلامچىلىقىدا ئېچىلغان ئۈچ قېتىملىق ئىسلام قۇرۇلتىيى بۇ ھەرىكەتنى خەلقئارالىق تەسىرگە ئىگە قىلغان.

دەل شۇ يىللاردا برىتانىيە مۇستەملىكچىلىرى ئۆزلىرىنىڭ ئىسلامىيەت دۇنياسىغا بولغان قارا نىيىتىنى سىستېمىلاشتۇرۇش، نۆۋەتتىكى مۇستەملىكە رايونلىرىدا ھەربىي غەلىبىدىن تاشقىرى غەلىبىلەرنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن ئالدىراشماقتا ئىدى. 1906 — يىلى قاھىرەدە چاقىرىلغان گوسپېل يىغىنى خرىستىئان دىنىنىڭ ئىسلام دىنىغا قاراتقان

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

ئومۇمىيۈزلۈك خىرىسىدىن دېرەك بەردى. ئەنگلىيە ئىشغالىيەتچى دائىرىلىرىنىڭ مىسىرغا قاراتقان سىياسىي، ئىقتىسادىي كونتروللۇقىنىڭ تەدرىجىي كۈچىيىشىگە ئەگىشىپ، غەرب مەدەنىيىتىمۇ سىڭىپ كىرىشنى جىددىيلەشتۈردى. مىسىردا خىرىستىئان دىنىنى تارقىتىش ئۈچۈن غەرب مىسسىئونېرلىرى مىسىرغا تۈركۈملەپ يېتىپ كەلدى. بۇ قېتىمقى يىغىن ئىسلام مەسىلىلىرىنى ۋە ئىسلامىيەتكە تاقابىل تۇرۇشنىڭ ئۇسۇللىرىنى، مەسىلەن، دوختۇرخانا ۋە يىغىۋېلىش ئورۇنلىرىنى قۇرۇش، مەكتەپ سېلىش قاتارلىق ئىشلارنى نۇقتىلىق مۇھاكىمە قىلدى. ئەزھەر ئۇنىۋېرسىتېتىغا تاقابىل تۇرۇش ئۈچۈن خىرىستىئان ئۇنىۋېرسىتېتىنى قۇردى. ئۇلار «ئەڭ مۇھىم ۋاستە شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، ئوقۇغۇچىلارنى تاللاپ غەربكە تەربىيە ئېلىشقا ئەۋەتىش، ئۇلار دۆلەتكە قايتقاندىن كېيىن گوسپېلنى تارقىتىدىغان ئىدىيىۋى رەھبەرلەر بولۇشى كېرەك»① دەپ قارار قىلىشتى.

ئابدۇقادىر داموللام ئىسلامىيەت دۇنياسى جىددىي خىرىسقا دۇچ كەلگەن مۇشۇ دەۋردە «تاتار مەدەنىيەت ئويغىنىشى» ئەۋجىگە چىققان شەھەرلەردە ئىلىم تەھسىل قىلدى. ئاشۇ ئىدىيىۋى دولقۇنلاردا كۆرەش غايىسىنى مۇستەھكەملىدى. بۇ ۋاقىتتا ئۇ نېمە قىلىش كېرەكلىكىنى ناھايىتى ئېنىق چۈشەنگەنىدى.

ئۇ ئۆزىنىڭ سەمەرقەند، ئۇفالاردا مۇدەررىسلىك قىلىش جەريانىدا دەرسلىك سۈپىتىدە تۈزگەن «ئاقائىد زۆرۈرىيە» ناملىق ئەسىرىدە ئېنىق قىلىپ مۇنداق يازغان:

① «ھازىرقى زاماندىكى ئىسلامىزم» ئىقتىساد گېزىتى نەشرىياتى، بېيجىڭ، 1998- يىلى نەشرى، خەنزۇچە، 142- بەت.

—— ئىنساننىڭ خار ۋە زەبۇن بولمىقىغا بائىس (سەۋەپ) نىمەدۇر؟ —— ئىككى نەرسىدۇر: بىرى، جاھالەت ۋە نادانلىق؛ ئىككىنچىسى، تەپرىق ۋە ئىختىلاپتۇر.
—— ئىززەت، ئابرۇي، قۇۋۋەت نىمە بىلەن بولىدۇ؟
—— ئىلىم – مەرىپەت، ئىتتىپاقلىق بىلەن بولىدۇ.

ئابدۇقادىر داموللام ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تۈركىيىلەرنى ئايلىنىش، كۆزىتىش جەريانىدا تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىق ئاخىرقى ھېساباتا يۇرتىنىڭ، مىللەتىنىڭ
كۈلپەتلىك تەقدىرىنى ئۆگشاش ئۈچۈن چوقۇم ئىشنى مائارىپتىن، مەدەنىيەتتىن باشلاش زۆرۈرلۈكىنى تونۇپ يەتكەن. ئۇنىڭ بۇ خىل ئىسلاھاتچىلىق ئىدىيىسى، يەنى يېڭىلاش —— جەدىدچىلىق ئىدىيىسى مەشھۇر ئىسلام مۇتەپەككۇرلىرى جامالىدىن ئافغانى ۋە شەيخ مۇھەممەد ئابدۇلارنىڭ ئەسەرلىرىنى ئوقۇش ئارقىلىق تېخىمۇ قۇۋۋەت تاپقان.
ئۇ 1907 – يىلى ئانا يۇرتى —— قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن. كۆپ يىللار چەت ئەللەردە يۈرگەن بۇ ئالىمنىڭ قەشقەردەك جاھالەت تۇتەكلىرى ئىچىدە بۇرۇقتۇرما بولۇپ قالغان شەھەردە ئۆز غايىلىرىنى رېئاللىققا ئايلاندۇرالىشى ئۇنچە ئاسان ئەمەس ئىدى. ئالدى بىلەن چوقۇم نوپۇز تىكلەش، تەسىر پەيدا قىلىش، ئاممىۋى ئاساسقا ئىگە بولۇش كېرەك ئىدى. ئۇنىڭ ئۈستىگە قەشقەر مەشھۇر مەدرىسىلەرمۇ كۆپ، دىنىي ئۆلىمالارمۇ كۆپ قەدىمىي شەھەر بولغاچقا، ھە دېگەندىلا نوپۇز تىكلەش قىيىن ئىدى.
ئابدۇقادىر داموللام قەشقەرگە قايتىپ كەلگەن چاغ دەل

قەشقەردە يېڭىچە ئىپتىدائىي مەكتەپلەر ئاندا — ساندا يولغا قويۇلۇۋاتقان، ئەنئەنىۋى ئىسلام مائارىپىنىڭ ئوقۇتۇش مەزمۇنى ۋە ئۇسۇلىنى ئىسلاھ قىلىش مەسىلىسى ئانچە — مۇنچە تىلغا ئېلىنىۋاتقان بىر چاغ ئىدى. ئوتتۇرا ئاسىيا ۋە تۈركىيە قاتارلىق جايلاردىكى يېڭى مائارىپنىڭ ۋەزىيىتى بىلەن پىششىق تونۇشۇپ، جەدىتىزملىق ئىدىيىسى مۇكەممەل شەكىللەنگەن ئابدۇقادىر داموللام يېڭىچە پەننىي مائارىپنىڭ ھامىيلىرى ۋە باشلامچىلىرى بولغان ئاكا — ئۇكا مۇسابايوفلارنى قىزغىن قوللىدى. ئۇلار بىلەن مۇرىنى - مۈرىگە تىرەپ بىر سەپتە تۇردى. مەدرىسىلەرنىڭ دوگما تەلىم — تەربىيە ئۇسۇلىنى، قارىغۇلارچە يادلاتقۇزۇشنى ئاساس قىلىدىغان ئوقۇتۇش شەكلىنى، دەۋر تەلىپىگە ماس كەلمەيدىغان دەرسلىكلەرنى ئىسلاھ قىلىپ - جەدىتىزملىق مائارىپ ئىدىيىسىنى ئىزچىللاشتۇرۇشنى؛ ئوقۇتۇش ئۇسۇلى، ئوقۇتۇش مەزمۇنى، ئوقۇتۇش ماتېرىيالى قاتارلىق جەھەتلەردە بىر يۈرۈش ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بېرىشنى نىيەت قىلدى. بۇ سۇشۇ مەقسەتتە «سەرپ — نەھۋى» (مورفولوگىيە ۋە سىنتاكسىس)، «تەسھىلىل ھىساب» (ھىساب ئىلمى)، «جۇغراپىيە ئىلمى»، «ئاقائىد جەۋھەرىيە» (نېگىزلىك ئەقىدىلەر)، «مۇتالىئە ھىدايەت» (باشلامچى ئوقۇشلۇق)، «بىدا يەتۇس سەرپ» (لېكسىكىدىن دەسلەپكى ئاساس)، «بىدايەتۇننەھۋى» «تەئلىمۇس سبيان» (گۆدەكلەرگە تەربىيە)، «تەجۋىد تۈركى»، «مىفتاھۇل ئەدەب» قاتارلىق دەرسلىكلەرنى تۈزۈپ تاش مەتبەئەدە باستۇرۇپ مەكتەپ — مەدرىسىلەرنى دەرسلىك بىلەن تەمىنلىگەن. ئۆزى دەسلەپ غوجا چوڭنىڭ قۇملۇقىدىكى ئۆزبېكلەر ئاچقان مەدرىسىگە، كېيىن بەشئېرىق

مەھەللىسىدىكى لايپەشتاق مەدرىسىسىگە بېرىپ مۇدەررىسلىك قىلغان①.

ئەينى چاغدا، قەشقەر شەھىرىدە يىراق يېقىنغا نامى مەشھۇر مەدرىسىلەردىن ئون بەشى بولۇپ، ئابدۇقادىر داموللامنىڭ لايپەشتاق مەدرىسىسى ئەنە شۇ خانلىق مەدرىسىسى، ھېيتكاھ مەدرىسىسى، ئاخۇن ھاجى مەدرىسىسى، قازان مەدرىسىسى، ۋاگلىق مەدرىسىسى، باھاۋۇدۇن مۆھتىرەم مەدرىسىسى، دورغا بەگ مەدرىسىسى، ناجى ھاكىمبەگ مەدرىسىسى، كەنجە ھاجى مەدرىسىسى، ئوردا ئالدى مەدرىسىسى قاتارلىق مەشھۇر مەدرىسىلەر قاتارىدىن ئورۇن ئېلىپ 200 دىن ئارتۇق تالىپى بار② مەشھۇر مەدرىسە بولغان.

ئابدۇقادىر داموللام تەبىئىتى ئېسىل، ئىمانى كامىل، مەلۇماتى چوڭقۇر، پىكرى ئۆتكۈر، مۇنازىرىگە ماھىر، نۇتقى پاساھەتلىك ئالىم بولغاچقا ئۇزاق ئۆتمەي قەشقەردىلا ئەمەس پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىيادا نامى مەشھۇر زاتقا ئايلانغان.

ئابدۇقادىر داموللام شۇ مۇناسىۋەت بىلەن ئۇيغۇر خەلقى ئارىسىدا جەدىتىزملىق مائارىپنىڭ بايراقدارى، مەرىپەتچىلىك ھەرىكىتىنىڭ سىمۋولى بولۇپ قالغان.

«ئابدۇقادىر داموللامنىڭ دىن بىلەن پەننى بىرلەشتۇرۇش، ئوقۇتۇشقا بىر قىسىم دۇنياۋى پەنلەرنى كىرگۈزۈش، ئۇسۇلى جەدىتنى يولغا قويۇش تەشەببۇسلىرى ئابدۇمۇتائالى خەلپىتىمنىڭ

---

① ئابدۇرېھىم سابىت: «ئىلىم ئۆلمەيدۇ، ئالىم ئۆلمەيدۇ»، قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى، 1999 ــ يىلى نەشرى، 6 ــ بەت.

② ئەھمەد كامال (تۈركىيە): «چىن يوللىرىدا ئۇنتۇلماس خاتىرىلەر»، ئۆتۈكەن نەشرىياتى، 1998 ــ يىل نەشرى، 94 ــ بەت.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىشەنچىسىنى ئىبخمۇ ئاشۇرغان. نادانلىق ۋە جاھالەتكە قارشى تۇرۇپ، خەلقنى ئويغىتىش پائالىيەتلىرىنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن»①.

مۇشۇ ئەسىرنىڭ باشلىرى ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە كۆپ باش قاتۇرغان ئۇيغۇر بالىسى — نەزەر خوجا ئابدۇسەمەتوف ئۆزىنىڭ «يورۇق ساھىللار» ناملىق ئەسىرىدە 1914 – يىلى غۇلجىدىن چىقىپ مۇز ئارت داۋىنى ئارقىلىق ئالتە شەھەرگە قىلغان سەپەر جەريانىدا قالدۇرغان خاتىرىسىدە ئاقسۇ ئۇيغۇرلىرىنىڭ ئىجتىمائىي، مەنىۋى پاجىئەلىرىنى كۆرۈپ: «بۇ يەردىكى ئۇيغۇرلارنىڭ ئىستىقبالى بەك قاراڭغۇ، تۇمانلىق ۋە ۋەھىمە ئىچىدە ئىكەنلىكىنى سەزدىم. ئاقسۇدا ئەھۋال مۇنداق بولسىمۇ، باشقا ياقلاردا ئۇنداق ئەمەستۇ، قەشقەر خەلقى خېلى تەرەققىي قىلغان بولسا كېرەك، ئۇ يەردە تەرەققىيپەرۋەر مۇساباييوفلار، ئابدۇقادىر داموللاملار بارغۇ دەپ ئۆزلىرىمىزگە تەسەللى بەرگەنىدۇق.»②دەپ يازغانلىقىنى كۆرىمىز.

ئەمما، 1914 – يىلى يازدا باھاۋۇدۇنباينىڭ مەبلىغى ۋە غەيرىتى بىلەن ئۈستۈن ئاتۇشتا ئېچىلغان ئۇيغۇر مائارىپ تارىخىدىكى تۇنجى پېداگوگىكا مەكتىپى — «دارىلمۇئەللىمىن ئىتتىھادى» (ھەيبىزادە دارىلمۇئەللىمىن) نىڭ باش مۇئەللىمى ئەھمەد كامالنى ۋە ئۇنىڭ مائارىپ ھەرىكىتىنى قوللاش ياكى قارشى تۇرۇش مەسىلىسىدە قەشقەردىكى دىنىي ئۆلىمالار ۋە باي – بايۋەتچىلەر ئىككى گۇرۇھقا بۆلۈنۈپ كەتكەن. ئابدۇقادىر

---

① «ئۈمىد يۇلتۇزى» — غۇلجا شەھەرلىك 2- ئوتتۇرا مەكتەپ قۇرۇلغانلىقىنىڭ 100 يىللىقىغا بېغىشلانغان كىتاب، 2001- يىلى بېسىلغان نۇسخا، 288- بەت.

② ئەسەد سۇلايمان: «تەكلىماكانغا دۆلەنگەن روھ» شىنجاڭ خەلق نەشرىياتى، 2000 – يىلى نەشرى، 96 – بەت .

داموللام، شەمسىددىن داموللام، زىرىپ قارى ھاجىم، ئابدۇقادىر ھاجىم، باۋۇدۇن باي، نورۇززادە ھاجى مۇھەممەد ئەلى، مەھمۇد ئاخۇن داموللام، ئابدۇكېرىمخان مەخسۇم، باش قارى ئىسلام ھاجى قاتارلىق كىشىلەر قوللايدىغان گۇرۇھنى، ئۆمەر باي، سىلىم داموللا قاتارلىقلار قارشى تۇرىدىغان گورۇھنى تەشكىل قىلغان. قارشى تۇرىدىغان گۇرۇھ رۇس كونسۇلى ۋە ئەكسىيەتچى ئەمەلدارلار بىلەن بىرلىشىپ، بۇ كۈرەشتە ئۈستۈنلۈك قازانغان.

ئەھمەد كامال شۇ چاغدىكى ئەھۋاللار توغرىسىدا «بەيىساقلىق مەھمۇد ئاخۇن داموللام بىلەن ئابدۇقادىر داموللام ئەپەندىلەر قاراڭغۇ كېچىدە چاقنان چاقماقتەك چىرايلىق ۋە مەنالىق سۆزلىرى بىلەن ئۇلار ئۆچۈرمەكچى بولۇۋاتقان مائارىپ مەشئىلىنى چاقنىتىش ئۈچۈن كۆپ تىرىشتى.»① دەپ يازغان. ئەمما، ئاخىرقى ھېسابتا ئەھمەد كامال قولغا ئېلىنغان، «دارىلمۇئەللىمىن ئىتتىھادى» تاقىۋېتىلگەن. قوللايدىغان گۇرۇھتىكىلەر ئامالسىز قالغان. ئۇنىڭ ئۈستىگە شۇ يىللاردا 1 — دۇنيا ئۇرۇشى ئاخىرلاشقان، بولشۇېكلار رۇسىيە تېررىتورىيىسىدە ئۈستۈنلۈك قازانغان. بۇمۇ ئىسلامىيەت دۇنياسىنىڭ قاراڭغۇلۇقىنى كۈچەيتىۋەتكەن. مۇشۇنداق شارائىتتا، ئابدۇقادىر داموللام 1918 — يىلى ھەج پەرزىنى ئادا قىلىش باھانىسى بىلەن چەت ئەلگە قاراپ يول ئالدى. ئۇ تاشكەنت، شەمەي، ئۇفا، قازان، ئورال، تۈركىيە، ھىجاز، مىسىر قاتارلىق جايلارغا بېرىپ ئۇ يەردىكى ئالىم — ئۆلىمالار بىلەن پىكىر ئالماشتۇردى. ئازابلىق ئويلارغا غەرق بولدى. تېرەن تەپەككۇر

---

① ئەھمەد كامال (تۈركىيە) «چىن يوللىرىدا ئۇنتۇلماس خاتىرىلەر». ئۈتۈكەن نەشرىياتى، 1998 — يىل نەشرى، 108 — بەت.

www.uyghurkitap.com

تەلقىنلىرىنى جۇغلىدى. «ئابدۇقادىر داموللام ئۇلار بىلەن ئىلمىي سۆھبەتتە بولۇش جەريانىدا ئۆز خەلقىنىڭ ئىلىم ــ مەرىپەتتە ھەقىقەتەن ئارقىدا قالغانلىقىنى، بۇنىڭ ئاساسلىق سەۋەبى ھۆكۈمران دائىرىلەرنىڭ خەلق ئاممىسىنى مەڭگۈ قۇللۇقتا، نادانلىقتا تۇتۇش سىياسىتىدىن بولۇۋاتقانلىقىنى، ئەگەر ئۇلار بەنىلا ھېچ يەرنى كۆرمەي، ھېچ نەرسىنى چۈشەنمەي، دۇنيادىن بىخەۋەر ياشاۋەرسە، قۇللۇق، جاھالەت، نادانلىقتىن ئەبەدىي قۇتۇلالمايدىغانلىقىنى چوڭقۇر ھېس قىلدى. ئۇ پۈتكۈل مىللەتنىڭ پەن ــ مەدەنىيەت سەۋىيىسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى، مىللەتلەرنىڭ ھەقىقىي باراۋەرلىكىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنى، ئۆز ئارا ئىتتىپاقلىق، مىللىي ئىناقلىقنى كۈچەيتىپ، بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە ئۇيۇشۇشنى ئۆزىنىڭ بىردىنبىر شوئارى ۋە كۈرەش نىشانى قىلدى.

ئۇ 1920 ــ يىلى قەشقەرگە قايتىپ كەلگەندىن كېيىن، خەلقىنىڭ قان تەرى بەدىلىگە ياشاۋاتقان تەسلىمچى ئەمەلدارلارغا، جاھالەت ھامىيلىرى بولغان مەككار سوپى ـ ئىشانلارغا، ئاچ كۆز بايلارغا، قەشقەردىكى خرىستىئان دىن تارقاتقۇچىلىرىغا قارشى كۈرەشنى باتۇرلۇق بىلەن باشلىۋەتتى. ئۇلار ئابدۇقادىر داموللامنىڭ: «ھەر قايسىلىرى يۇرتىنىڭ كۆزى، خەلقىنىڭ بېشى، ھالبۇكى خەلقىمىزنى ئىلىم ــ مەرىپەتكە، تەرەققىياتقا باشلىماستىن، پۈتكۈل ئىجتىھات ۋە ئىشتىياق بىلەن مۆھۆر ھەققىگە مەپتۇن بولۇپ، كۆندە چۈشكەن تەڭگىلەرنى ئەۋرەزگە كۆمۈپ خاتىرجەم ئۇخلاشسىلا، خەلقىمىزنىڭ ھالى قانداق بولار؟ بىز ئۆز باللىرىمىزغا مەكتەپ ئاچماي، ئۇلارنى تاشلىۋەتتۇق ... تېخى ھەر خىل جازا چارىلىرىنى قوللىنىپ، خەلقىنىڭ بېشىغا دەرد سېلىپ، ئۇلارنى

جاراھەتلەندۈرمەكتىمىز. ئەگەر بۇ توغرىدا قايغۇرمايدىغان بولساق، كەلگۈسى ئەۋلادلىرىمىز ئالدىدا بىز ناھايىتى ئوڭايسىز ئەھۋالدا قالىمىز، لەنەت ــ نەپرەتكە كۆمۈلۈشىمىز مۇقەررەر گەپ»① دېگەن خىتابلىرىنى ئەسەبىيلىك دەپ بىلىشىپ، ئۇنىڭ ئۈستىگە تۆھمەتلەر توقۇشتى.

ئابدۇقادىر داموللام توقا ــ تۆھمەتلەرگە پىسەنت قىلماي، خەلقنىڭ ئەقىدە ــ ئېتىقادىنى چىڭىتىش، مەرىپەت روھىنى قوزغاش، ئادالەت تۇيغۇسىنى ئويغىتىش، ھۆرلۈك ئېڭىنى سەگىتىش مەقسىتىدە مەدرىسلەردە شاگىرت تەربىيىلەشنى ناھايىتى چىڭ تۇتتى. ئۇ ھەر كۈنى ناماز دىگەردىن كېيىن، ھېيتگاھ جامەسىدە ئەمرىمەرۇپ، مۇنازىرە سورۇنلىرىنى ئۇيۇشتۇرۇپ، ۋەز ــ تەبلىغ قىلىپ خەلققە ئۆزلۈكسىز تەشۋىقات، تەرغىبات ئېلىپ باردى. «نەسھەتى ئاما» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىنى يېزىپ باستۇرۇپ تارقاتتى. ئۇ بۇ ئېسىل ئەسىرىدە مۇنداق مۇراجىئەت قىلدى: «بۇ زامان غەپلەت ۋە بىپەرۋالىق زامانى ئەمەس، ئويغىنىش ۋە سەزگۈرلۈك زامانىدۇر! جاھىللىق ۋە نادانلىق دەۋرى ئەمەس، ئىلىم ــ مەرىپەت دەۋرىدۇر. سۇسلۇق ۋە بىكارلىق ۋاقتى ئەمەس، تىرىشىش ۋە غەيرەت ۋاقتىدۇر. باشقا مىللەتلەر ئىلىم ــ مەرىپەت سايىسىدا ھاۋادا ئۇچۇپ پەرۋاز قىلماقتا، سۇ ئاستىدا بولسا خۇددى قۇرۇقلۇقتا يۈرگەندەك ئەركىن ئۈزۈشمەكتە. بىز تېخى غەپلەت ئۇيقۇسىدا ياتماقتىمىز. ئۇيقۇ ئۆلۈمنىڭ بۇرادىرى ۋە مۇقەددىمىسىدۇر. بۇ ھالەتتە دائىم ئۇخلىماق يوقىلىش ۋە ئۆلۈم يولىدۇر! ھېلىھەم ۋاقىت ۋە پۇرسەت بار. جانابىي ئەللاھنىڭ رەھمەت

---

① ئابدۇرېھىم سابىت: «ئىلىم ئۆلمەيدۇ، ئالىم ئۆلمەيدۇ». قەشقەر ئۇيغۇر نەشرىياتى. 1999 - يىلى نەشرى، 7 ــ بەت.

ۋە ئىنايەت خەزىنىسىنىڭ ئىشىكى دائىم ئوچۇقتۇر. دۇنيادا ئۈمىدسىزلىك بىلەن ياشاش توغرا ئەمەس.
ئىنسان كىچىكلىكىدىن تارتىپ ئىلىم ئۆگىنىشى ۋە كەسىپ (ھۈنەر – سەنئەت) بىلەن شۇغۇللىنىشى كېرەككى، ھەرقانداق ئىشنى ئۆزلۈكىدىن مەيدانغا چىقىرىشنى ئەللاھ ئادەت قىلمىغاندۇر. بەلكى ھەر بىر ئىش تىرىشچانلىق ۋە ئىجتىھات بىلەن بەرپا بولىدۇ. ھەممە ئىشقا تىرىشچانلىق ۋە پىداكارلىق كۆرسىتىش ئەللاھنىڭ يولىيورۇقىدۇر. «ئىنسانىڭ تىرىشچانلىقىغا لايىق نەتىجە باردۇر» دېگەن ئايەت بۇنىڭغا گۇۋاھ — ئىسپاتتۇر.»①
ئابدۇقادىر داموللامنىڭ زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشى نەتىجىسىدە قەشقەر تەۋەسىدىلا ئەمەس، بەلكى پۈتكۈل تارىم ۋادىسىدا يېڭىچە كەيپىيات بارلىققا كەلگەن. كىشىلەر ۋەتەن ۋە مىللەتنىڭ تەقدىرى ئۈستىدە ئويلىنىشىدىغان، سۆزلىشىدىغان بولغان. ئۇ ھۇسەيىنخان تەجەللى، شەمسىدىن داموللام، ساۋۇت ئابدۇلباقى كامالى، قۇتلۇق شەۋقى، باھاۋۇدۇنباي قاتارلىق مەشھۇر مەرىپەت ئاشنالىرىنىڭ مەدەت بېرىشى ۋە بىر نىيەت، بىر مەقسەتتە ھەمدەمدە بولۇشى نەتىجىسىدە يېڭى بىر ئەۋلاد پىداكار شاگىرتلارنى تەربىيىلەپ چىققان.
ئەينى يىللاردا يەنى 1920 – يىللارنىڭ بېشىدا چار رۇسىيە، برىتانىيە كېڭەيمىچىلىرىنىڭ شىنجاڭغا بولغان سىڭىپ كىرىش قارا نىيىتى، شىنجاڭنى ئۆزلىرىنىڭ تەسىر دائىرىسى ئىچىگە ئېلىش ئۇرۇنۇشلىرى قەشقەر ۋەزىيىتىنى ناھايىتى مۇرەككەپلەشتۈرۈۋەتكەن. ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ۋەتەنپەرۋەرلىك، مىللەتپەرۋەرلىك پائالىيەتلىرى ئۇلارنىڭ كۆتمىگەن يېرىدىن چىققان. شۇنىڭ بىلەن،

① ئابدۇقادىر داموللام: «نەسىھەتى ئاما» — «شىنجاڭ مەدەنىيىتى» ژورنىلى 2000 – يىلى 1 – سان، 71 – بەت.

ئۆلارنىڭ رەزىل مەقسىتى كالتەپەم، بۇرنىنىڭ ئۇچىنىلا كۆرىدىغان، شەخسىيەتچى، ھەسەتخور يەرلىك مۇناپىق باي — ئۆلىمالارنىڭ غالچىلىق قىلىپ ماسلىشىشى بىلەن ئەمەلگە ئاشقان.

ئۇيغۇر خەلقىنىڭ مۇنەۋۋەر ئوغلى، مەنىۋى داھىيسى، پىداكار مۇتەپەككۇرى، ئوت يۈرەك جەددىتىزمچىسى ئابدۇقادىر داموللام 1924 – يىلى 8 – ئاينىڭ 14 – كۈنى تاڭ سەھەردە ئۆز ئۆيىدە ياللانغان قاتىل تەرىپىدىن قەستلەپ ئۆلتۈرۈلگەن. ئۇيغۇر خەلقى ئۈچۈن زور يوقىتىش ھېسابلانغان بۇ قاتىللىق ۋەقەسى پۈتكۈل ئوتتۇرا ئاسىياغا پۇر كەتكەن. ئاۋام چەكسىز قايغۇ – ھەسرەتكە چۆمگەن، شائىرلار ئازابلىق ھېسسىياتى بىلەن مەرسىيىلەر يېزىشقان. يول باشچى ئابدۇقادىر داموللامنىڭ سۇيقەستكە ئۇچرىشى ھەقىقەتەنمۇ، زىيىنى ناھايىتى زور بولغان، ئۇيغۇر خەلقىنى مەڭگۈ ھەسرەتلەندۈرىدىغان تارىخىي تىررورلۇق ئىدى.

يالقۇن روزى

2002 – يىلى 11 - سىنتەبىر

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېتى
www.uyghurkitap.com

# نەشرگە تەييارلىغۇچىدىن

ھەر بىر ئەرەب تىلى ئۆگەنگۈچىنىڭ مورفولوگىيە، گرامماتىكا، ۋە قىسقىچە سۆزلۈكلەرنى ئۆگەنگەندىن كېيىن دۇچ كېلىدىغان ئاساسلىق مەسىلە قىيىن، كەم ئۇچرايدىغان سۆزلۈكلەر ھەمدە تەرجىمە قابىلىيىتىنى ئاشۇرۇش مەسىلىسىدۇر. يۇقىرىقى مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشنىڭ ياخشى ئۇسۇلى — كلاسسىك ئەرەبچە شېئىر، نەسرلەرنى پۇختا ئۆگىنىشتۇر. ئىلگىرىكى ئالىملىرىمىزمۇ «سبع معلق»، «مقامات الادبية» قاتارلىق مەشھۇر كلاسسىك ئەرەبچە شېئىر ، نەسر كىتابلىرىنى ئۆگىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ تەرجىمە قابىلىيىتىنى ۋە لۇغەت بايلىقىنى ئاشۇرغان. ھەتتا بەزى تىرىشچان ئالىملىرىمىز ئۆگىنىش يۇقىرىقى كىتابلارنى ئەرەبچە، ئۇيغۇرچە يادقا ئوقۇپ ئەستە قالدۇرغان. (كېيىنچە يۇقىرىدىكى ئىككى كىتابنى ئەرەبچە، ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرما قىلىپ نەشرگە تەييارلاش پىلانىم بار.)

كەڭ ئەرەب تىلى ئۆگەنگۈچىلەرنىڭ يۇقىرىقى ئارزۇلىرىنى نەزەردە تۇتۇپ، دەسلەپكى قەدەمدە ئابدۇلقادىر (داموللام) ئابدۇلۋارىس ئوغلى تۈزگەن (ئۆزى يازغان بىر قىسىم شېئىرلارمۇ بار) «مفتاح الا دب لفهم كلام العرب» ناملىق ئىككى قىسىملىق توپلامنىڭ بىرىنچى قىسمىنى ھىجرىيىنىڭ 1328 — يىلى سىراجۇددىن مەخدۇمنىڭ كۆچۈرگەن قولىيازمىسىغا ئاساسەن ئۆزبېكىستان غۇلامىيە مەتبەئەسىدە بېسىلغان ئەرەبچە نۇسخىسى ئاساس قىلىنىپ ئۇيغۇرچە نەسرى يەشمىسى ھەمدە ئاخىرىغا مەزكۇر توپلامدا ئۇچرايدىغان قىيىن سۆزلۈكلەر قوشۇلۇپ نەشرگە تەييارلاندى. (بىر قىسىم جايلىرى قىسقارتىلدى). كىتابنىڭ مۇقەددىمىسىدە ئىككىنچى قىسىمنىڭ بارلىقى ھەمدە ئۇنىڭ بەش باب ئىكەنلىكى تىلغا ئېلىنغان بولسىمۇ، ئۇنى تېپىشقا ئىمكان بولمىدى.

«مفتاح الادب» تىكى «ادب» سۆزى ئەرەب تىلىدا ئەدەپ — ئەخلاق ھەم ئەدەبىيات دېگەن قوش مەنىگە ئىگە ھەمدە توپلامنىڭ قۇرۇلمىسىدىن ئەدەبىيات، مەزمۇنىدىن ئەدەپ — ئەخلاق، پەندى — نەسىھەت قاتارلىقلار ئىپادىلەنگەچكە (پەخىرلىنىش، مەرسىيە، تارىخ، غەزەل قاتارلىقلارمۇ بار ئەلۋەتتە) «ئەدەب ئاچقۇچى» دېگەن يېڭى نام قوشۇپ قويۇلدى. توپلامغا شېئىرى كىرگۈزۈلگەن مۇئەللىپلەرنىڭ ياشىغان يىل دەۋرىگە قارىتا «بۇلاق» ژۇرنىلىنىڭ 2001 – يىللىق 5- سانىدا (بۇ ساندا «مفتاح الادب» نىڭ بىرىنچى قىسىم بىرىنچى بابى ئەرەبچە، ئۇيغۇرچە نەزمىي شەكىلدە يېزىلغان.) شائىر ئۆمەر ئوسمان شىپائى: «كىتابنى ئوقۇغان ئەقىل ئىگىسى تەخمىنىي تارىخ نەزىرى بىلەن قاراپ باقسا، بۇ مەجمۇئەگە ئەسىرى كىرگۈزۈلگەن ئەبۇلئەلامەئەررى (973 — 1058) دىن تەجەللى (1856 — 1925) گىچە ئارىلىقتا ئۆتكەن كۆپلىگەن مۇتەپەككۇرلارنىڭ ئەسەرلىرىدىن ھۇزۇر ئېلىش بىلەن...» دېگەن ئىبارىلەرنى كەلتۈرۈپ، توپلامدىكى شېئىر مۇئەللىپلىرىنىڭ «تارىخ»نى بايان قىلىپ، شېئىر مۇئەللىپلىرىنىڭ ياشىغان دەۋرىنىڭ 10 — ئەسىردىن 20 — ئەسىرگىچە ئىكەنلىكىدەك «تارىخ» نى كەلتۈرۈپ چىقاغان. بۇ خىل «تارىخ» توپلامنىڭ ئون بابىنىڭ بىرىنچى بابىنىلا كۆرگەن كىشىگە سەل ماس كېلىشى مۇمكىن. چۈنكى، ئىككىنچى بابنىڭ بېشىدىلا مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مەشھۇر شائىر ساھابىسى ھەسسان ئىبنى سابىت (مىلادىيە 674 - يىلى ۋاپات بولغان)، كىچىك بالىلارمۇ «بىلال مۇئەززىن» دەپ ئاتىشىدىغان قارا تەنلىك ساھابە بىلال ئىبنى رەباھ (مىلادىيە 641 -- يىلى ۋاپات بولغان) قاتارلىقلارنىڭ شېئىرلىرى، «سبع معلق» ناملىق شېئىرلار توپلىمىغا شېئىرى كىرگۈزۈلگەن ئايال شائىرە خەنسا (مىلادىيە 645 — يىلى ۋاپات بولغان ۋە شائىر ئەنتەرە تۆل ئەبەسى (552 — 616) قاتارلىقلارنىڭ شېئىرلىرىمۇ بار.

دېمەك، يۇقىرىقى ئىسپاتلاردىن توپلامغا ئەسىرى كىرگۈزۈلگەن ئەڭ ئىلگىرى ياشىغان مۇئەللىپلەرنىڭ يىل دەۋرى 6- ، 7- ئەسىر ئىكەنلىكى

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئېنىق ئىسپاتلانغان. چۈنكى، پەيغەمبىرىمىز ۋە ساھابىلەر ياشىغان دەۋرنىڭ 10 -، 11- ئەسىر ئەمەس بەلكى، 6-، 7- ئەسىر ئىكەنلىكى جاھان ئەھلىگە ناھايىتى ئېنىق. يەنە شائىر ئۆمەر ئوسمان شىپائى «نەزمي يەشمە» سىنىڭ 15- ئىزاھاتىنى «شاپىئى - شاپىئى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ (ئەللاھ رازى بولغۇچى شاپى» 267 - يىلى ئۆزبدا تۇغۇلۇپ 820 - يىلى ۋاپات بولغان. ئىسلام دىنىدىكى شاپىئى مەزھىپىنىڭ ئىجادچىسى، پەيلاسوپ، شائىر.» دەپ ئىزاھلىغان. مېنىڭچە بۇ خىل ئىزاھلاش خاتا. توغرا ئىزاھات مۇنداق بولۇشى كېرەك: «شاپىئى — مۇھەممەد ئىبنى ئىدرىس شافىئى (ئەللاھ ئۇ كىشىگە رەھىم قىلغاي). ھىجرىيىنىڭ 93 — يىلى، مىلادىيىنىڭ 767 — يىلى پەلەستىنىنىڭ گازا شەھىرىدە تۇغۇلغان. ئىسلام دىنىنىڭ سۈنني مەزھىپىدىكى تۆت فىقھى ئىقىمىنىڭ بىرى بولغان شافىئىيە ئىقىمىنىڭ ئىمامى. مەدىنە شەھىرىدىكى ئىمام مالىك ئىبنى ئەنەس (ياشىغان دەۋرى ھىجرىيە 93 — 179، مىلادىيە 712 — 795) نىڭ خىزمىتىنى قىلىپ، شۇ كىشىدە تەلىم ئالغان. «**المسند**»، «**السنن**»، «**الام**»، «**الرسالة**» قاتارلىق كىتابلارنى يازغان. ھىجرىيىنىڭ 204 - يىلى، مىلادىيىنىڭ 820 - يىلى مىسىرنىڭ قاھىرە شەھىرىدە ۋاپات بولغان.)»

كەڭ ئوقۇرمەنلەرنىڭ يۇقىرقى ئىككى نۇقتىنى ئېنىق چۈشىنىۋېلىشىنى زۆرۈر دەپ قارايمەن. توپلامنىڭ ئەرەبچىسى كەڭ ئىلىم ئەھلىلىرىگە تونۇش. شۇڭا، ئۇلارنىڭ بۇ ئەرەبچە، ئۇيغۇرچە سېلىشتۇرما توپلامدىكى سەۋەنلىكلەرنى كۆرسىتىپ بېرىشلىرىنى چىن دىلىمدىن ئۈمىد قىلىمەن.

2002 - يىلى 11 — ئاينىڭ 12 — كۈنى.

ئابدۇلئەھەد ئەمىر قۇتلۇق

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

# مۇقەددىمە

تىل بۇلبۇلىنى مەنە ۋە بايان گۈلزارىدا گۈزەل سۆز بىلەن سايراتقان ھاكىمۇتلەق ئەللاھقا ھەمدىدۇركى، مەخلۇقاتى ئىچىدىن ئىنساننى نۇتۇق ۋە بايان نېئمىتى بىلەن ئەزىز ۋە ھۆرمەتلىك قىلدى.

ئەڭ مۇھىم ئارزۇ دىل ۋە جاننىڭ شاھ تۇتىسى، فاساھەت ۋە بالاغەت شەكەرىستانىدا ئىزلىرى بولغان ئەرەب ۋە ئەجەمنىڭ كاتتىسى، كائىناتنىڭ پەخرى پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد سەللەللاھۇ ئەلەيھى ۋەسەللەم ھەزرەتلىرىگە دۇرۇد ۋە سالام بولسۇنكى، ئۇ راست سۆز ۋە شېرىن كالام بىلەن كائىنات ھەقىقەتلىرى، ئىلاھىي مەرىپەتلەرنى بايان قىلىپ، ئەقىل ئىگىلىرىنى ئىلىم – ھېكمەت ۋە سائادىتى ئەبەدىيىەنىڭ تاتلىق مېۋىسىگە ئېرىشتۈردى. بۇ كىشىگە، بۇ كىشىنىڭ ئائىلە — تاۋابىئاتلىرىغا ۋە ساھابىلىرىغا پاساھەت قۇشلىرى بالاغەت ساھەسىدە كۈيلەپلا تۇرسا ئەللاھنىڭ رەھمىتى داۋاملىق يېتىپ تۇرغاي.

ئىلىم خادىملىرىنىڭ ئەڭ ئاددىيسى ئابدۇلقادىر ئىبنى ئابدۇلۋارىس (ئەللاھ ئۇ ئىككىسىنىڭ گۇناھلىرىنى كەچۈرۋەتكەي) مۇنداق دەيدۇ: مەقسەتلەرنىڭ مۇھىمى، تەلەپلەرنىڭ ئۇلۇغى ئىبادەتكە ھەقلىق بولغان ئەللاھ تەئالانى ۋە سۈپەتلىرىنى، (ئىسلامنىڭ) ئەھكام پىرىنسىپلىرىنى

ئەمر، نەھى ۋە ھۆكۈملەرنى جانابى ھەق تەئلىمىگە مۇۋاپىق بىلىش ۋە تەستىق قىلماقتۇر. بۇنداق تونۇش ۋە بىلىشنى «قۇرئان كەرىم» ۋە ھەدىس شەرىف تەكلىپ قىلىدۇ. يەنى «كُلٌّ فِي كِتَابٍ مُبِيْنٍ» (بارلىق نەرسە روشەن كىتاب [قۇرئان كەرىم] دە بار) دېگەن ئايەت ھەم «أُوْتِيْتُ جَوَامِعَ الْكَلِمِ» (ماڭا بارلىق سۆزلەر جۇغلانمىسى [ھەدىس شەرىف] كەلتۈرۈلگەن) دېگەن ھەدىس شەرىف شاھىتتۇر. لېكىن، «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسلىرىنى بىلىش ئۈچۈن ئەرەب تىلى ۋە ئۇنىڭ لەتىپ، ئىنچىكە ئۇسلۇبىنى بىلىشكە باغلىقتۇر. ئەرەب تىلىنىڭ لاتاپەت ۋە بالاغىتى ئەرەبلەرنىڭ ھېكمەت، باتۇرلۇق، ئەخلاق، نەسەبەت ۋە باشقا لەتىپلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان فاساھەت ۋە بالاغەتلىك شېئىرلىرىدا كۆرۈلىدۇ.

كۈنلەرنىڭ بىرى ئەمىرۇلمۇئمىنىن سەيىيدىمىز ئۆمەر فارۇق ھەزرەتلىرى مىنبەردە: «أَفَأَمِنَ الَّذِيْنَ مَكَرُو السَّيِّأَتِ» دېگەن ئايەتنى «أَوْيَأْخُذَهُمْ عَلَى تَخَوُّفٍ» گىچە ئوقۇپ ساھابە كىراملاردىن بۇ ئايەتنىڭ مەنىسىنى سوراپتۇ. مەقسىتى «أَلتَّخَوُّفُ» نىڭ مەنىسىنى بىلىش ئىكەن. ساھابە كىراملار جاۋابتىن ئاجىز كېلىپ سۈكۈتكە چۈشۈپتۇ. بىرى تۇرۇپ: ئەي ئەمىرۇلمۇئمىنىن، «أَلتَّخَوُّفُ» «أَلتَّنَقُّصُ» (كېمەيتىش) دېگەن بولىدۇ، دەپتۇ. ئۆمەر فارۇق ھەزرەتلىرى: ئەي شەيخ بۇ مەنىنى ئەرەبلەر بىلەرمۇ ؟ دەپتۇ. ئۇ كىشى، شائىرىمىز ئەبۇ كەبىر توغرا ئېيتقان:

تَخَوَّفَ الرَّحْلُ مِنْهَاتَامِكًا قَرِدًا * كَمَاتَخَوَّفَ عُوْدَالنَّبْعَةِ السَّفَنُ

(يىلك ياغىچى ئاچا ياغاچنى ئۇپراتقاندەك، توقۇم تۆگىنىڭ يۆگلۈق

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

لوكىسىنى ئۇپراتتى (كېمەيتتى).

ئەمىرۇلمۇئمىنىن ئۇلارغا خىتاب قىلىپ:

عَلَيْكُمْ بِدِيْوَانِكُمْ لاَتَضِلُّوا (ئېزىپ كەتمەسلىكىڭلار ئۈچۈن دىۋانىڭلارنى مەھكەم تۇتۇڭلار) دېگەنىكەن، ساھابە كىراملار:

ئۇ قايسى دىۋانىمىز؟ دەپ سوراپتۇ. ئۆمەر فارۇق ھەزرەتلىرى:

شِعْرُ الْجَاهِلِيَّةِ فَاِنَّ فِيْهِ تَفْسِيْرَ كِتَابِكُمْ وَمَعَانِي كَلاَمِكُمْ

([ئۇ] جاھىلىيەت دەۋرىدىكى شېئىردۇر. چۈنكى، ئۇنىڭدا كىتابىڭلارنىڭ تەفسىرى ھەم سۆزۈڭلارنىڭ مەنىسى بار) دېگەن. بۇنى قارى بەيزاۋى ئۆز تەفسىرىدە بايان قىلغان. بۇنىڭدىن مەلۇم بولدىكى، ھەزرىتى ئۆمەر فارۇقنىڭ سۆزلىرىگە بىنائەن ئەرەب شېئىرلىرى ئەرەب تىلىدا نازىل بولغان «قۇرئان كەرىم»نى تەفسىر قىلىشتا ياردىمى ناھايىتى زوردۇر. شۇ سەۋەبتىن ئىلگىرىكى ئالىملار ئەرەب تىلىنى ئاسانلاشتۇرۇش ئۈچۈن، ئەرەب شېئىرلىرىدىن ئەرەب تىلىنىڭ قائىدىسىنى، ئەدەبىي ئۇسلۇبىنى تەتقىق قىلىپ چىقىپ، بۇ قائىدە – ئۇسلۇب ئارقىلىق ئىسلام ئەھلىنى ئەللاھنىڭ كىتابى ۋە رەسۇلۇللاھنىڭ ھەدىسلىرىنى بىلىشكە يېتەكلىگەنىدى (ئەللاھ ئۇلاردىن رازى بولغاي). ئەپسۇس! ناھايىتى زور ئەپسۇسكى، دىيارىمىزدىكى ئىلىم تەھسىل قىلغۇچىلار ئەدەبىي ئۇسلۇب (كلاسسىك ئەرەبچە نەسر) ۋە ئەرەب شېئىرلىرىغا كۆڭۈل بۆلمەي، قىممەتلىك ئەزىز ئۆمۈرلىرىنى يۇنان مەنتىقىسىنىڭ مۇقەددىمىلىرى ۋە مەۋھۇم پەلسەپىلىرىنى ئۆگىنىشكە سەرپ قىلىپ، تۆۋەن ئىلىم بۇرجەكلىرىنىڭ چۈچىلىرىغا مەغرۇر بولۇپ، ئالىي ئىلىملارنى

ئۆگىنىشكە پىكىر يۈرگۈزۈشمىدى. يۇنان پەلسەپىلىرى، مەنتىقە مۇقەددىمىلىرى ۋە ئاددىي بىلىملەرنى ئۆگەنگەچكە، بۈگۈنكى كۈنگە كەلگەندە ئىسلام ئالىملىرىنىڭ كېمىيىپ كېتىشى، ئىسلام مىللەتلىرىنىڭ چۈشكۈنلىشىشى ۋە خارابلىشىشىدىن باشقا نەتىجە بەرمىدى. ئوقۇغۇچىلارنى بارلىق ئىلىمدىن - قۇرئان كەرىم، ھەدىس شەرىف ۋە فىقھى بىلىملىرىدىن مەھرۇم قىلدى. بىر شائىر ياخشى ئېيتقان:

كُـلُّ الْعُلُوْمِ سِوَى الْقُرْآنِ مَشْغَلَةٌ * الاَّ الْحَدِيْثَ وَالاَّ الْفِقْهَ فِي الدِّيْنِ

أَلْعِلْمُ مَاكَانَ فِيْهِ قَالَ حَدَّثَنَا * وَمَاسِوَى ذَاكَ وَسْوَاسُ الشَّيَاطِيْنِ

(قۇرئان كەرىم، ھەدىس شەرىف ۋە دىنىي فىقھە (دىنىي چۈشەندۈرىدىغان، مۇسۇلمانلارغا ئېھتىياجلىق ئىلىملار) دىن باشقىسى ئىسراپچىلىق. ئىلىم دېگەن: «رەسۇلۇللاھ بىزگە مۇنداق دېدى» دېگەن سۆز بار ئىلىمدۇر. ئۇنىڭدىن باشقىسى شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىدۇر).

يەنە بىرى مۇنداق دېدى:

أَهْلُ الْحَدِيْثِ هُمْ اَهْلُ النَّبِيِّ * وَاِنْ لَمْ يَصْحَبُوْا نَفْسَهُ اَنْفَاسَه صَحِبُوْا

(ھەدىس ئەھلى دېگەن، ئۇلار پەيغەمبەر ئائىلىسىدۇر. گەرچە ئۇلار ئۆزىگە ھەم سۆھبەت بولالمىغان بولسىمۇ، تىنىقىغا ھەم سۆھبەت بولغان.)

يەنە بىرى مۇنداق دېدى:

اَيُّهَا الْمُقْتَدِىْ لِتَطْلُبَ عِلْمًا * كُلُّ عِلْمٍ عَبْدٌ لِعِلْمِ الرَّسُوْلِ

تَطْلُبُ الْعِلْمَ كَىْ تُصَحِّحَ اَصْلاً * كَيْفَ اَغْفَلْتَ عِلْمَ اَصْلِ الاُصُوْلِ

(ئەي بىلىمگە ئاتلانغان كىشى! بارلىق ئىلىم ھەدىس ئىلمىگە

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

قۇلدۇر. بىلىم ئاساسىنى توغرىلاش ئۈچۈن ئىلىم ئۆگىنىپ تۇرۇپ، ئەڭ ئاساسىي ئىلىمدىن قانداقمۇ خەۋەرسىز قالغانسەن ؟)

ئەگەر مەدرىسلىرىمىزدىكى ئوقۇتۇش ئاشۇ قالاق ئۇسۇل بىلەن كېتىۋېرىدىغان بولسا، ئىسلام ئالىملىرىنىڭ ئۈستىگە يۈكلەنگەن شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى يەتكۈزۈش، ئەللاھنىڭ سۆزىنى ئۈستۈنلۈككە ئىگە قىلىش، ئىسلام مىللىتىنىڭ ئەھۋالىنى ياخشىلاش قاتارلىقلار قاچان ۋۇجۇدقا كېلەر؟ شەرىئەتنىڭ ھۆكۈم ئىشلىرىنى جاھىل نادانلارنىڭ قولىدىن قانداقمۇ قۇتۇلدۇرغىلى بولسۇن ؟ شېئىر:

كَيْفَ يُرْجَى الصَّلَاحُ فِى اَمْرِقَوْمٍ * ضَيَّعُوا الْحَزْمَ فِيْهِ اَىَّ ضَيَاعٍ
فَمُطَاعُ الْمَقَالِ غَيْرُ سَدِيْدٍ * وَسَدِيْدُ الْمَقَالِ غَيْرُ مُطَاعٍ

(توغرا سۆزگە ئىشەنمەي، خاتا سۆزگە ئىشىنىپ، ئۆزلىرىنىڭ ئىشەنچىسىنى يوقاتقان مىللەت ئەھۋالىنىڭ ياخشىلىنىشىدىن قانداقمۇ ئۈمىد كۈتكىلى بولسۇن ؟

ئىنتايىن تۆۋەنچىلىك بىلەن پۈتۈن تۈرك شەھەرلىرىدىكى ئىقتىدارلىق كىشىلەردىن ئۈمىد قىلىمەنكى، دىنىي قىزغىنلىق بىلەن ھىممەت كۆرسىتىپ، ئوقۇغۇچىلار بەلكى ئومۇمىي ئەھلى ئىسلام ئىلگىرىكى ياخشى ئالىمالارنىڭ يولىدا مېڭىپ، مەنپەئەتلىك ئىلىم ۋە ئالىي مائارىپنى قولغا كەلتۈرۈشكە تىرىشقايلار. أَلسَّلاَمُ عَلَى مَنِ اتَّبَعَ الْهُدَى (توغرا يولغا ئەگەشكەنلەرگە سالام !)

كەمىنە ئۆزىنىڭ تۆۋەن ئىقتىدارىغا باقماي ئوقۇغۇچىلارنى پايدىلىق ئىلىملارنى ئۆگىنىشكە قىزىقتۇرۇش نىيىتى بىلەن بالاغەتلىك ئەرەب

دىۋانلىرىدىن: بىلىم – ھېكمەت، مەدھىيە، باتۇرلۇق، پەخىرلىنىش، غەزەل، گۈل، شاراب، ھەجۋى، تەنقىد، مەرسىيە، تارىخلار توغرۇلۇق نەفىس شېئىرلارنى تاللاپ ئەدەبىيات ئالىملىرىنىڭ ئەرەب تىلى قائىدىسى ۋە ئەدەبىيات ئۇسۇللىرىدىكى مەنە، بايان، بەدىئىي ئۇسلۇب، ئەرۇز، قاپىيىگە مۇناسىۋەتلىك خۇلاسە – پىكىرلەرنى توپلاپ بۇ توپلامنى ئىككى قىسىمغا بۆلۈپ، بىرىنچى قىسىمنى ئون باب ئىككىنچى قىسىمنى بەش باب قىلىپ تۈزدۈم. ھەمدە «تَلْخِيْصُ الْمِفْتَاحِ» دا بايان قىلىنغان شېئىرلانى بۇ توپلامغا قوشتۇم.

ئۈمىدىم، بۇ قىسقىغىنا توپلامنى ئوقۇغۇچىلار پاساھەت، بالاغەتلىك شېئىر يازىدىغان شائىرلار دىۋانلىرىدىكى ئاجايىپ ئىستىلاھ (نەمۇنە، ئۈلگە ئېلىش) بەدىئىي مەنىلەردىن زوق ئېلىپ ئۆزىگە ھەمراھ قىلغاي. داڭلىق شائىرلار دىۋانلىرىدىكى لاتافەت، بالاغەتلەرنىڭ ۋاستىسى بىلەن تەفسىر ئىلمى دېڭىزىدىن گۆھەر قېزىشقا، ھەدىس شەرىف گۈلشىنىدىن گۈللەرنى ئۈزۈشكە سەۋەب بولغاي دەپ، بۇ لاتاپەتلىك توپلامغا «مِفْتَاحُ الاَدَبِ لِفَهْمِ كَلاَمِ الْعَرَبِ» (ئەرەب تىلىنى چۈشۈنۈشتىكى ئەدەبىيات ئاچقۇچى) دەپ ئاتاش مۇناسىپ كۆرۈلدى. أَسْأَلُ اللهَ الْهِدَايَةَ والإِعَانَةَ وَهُوَحَسْبِيْ وَنِعْمَ الْوَكِيْلُ. (ئەللاھنىڭ توغرا يولغا باشلىشىنى، ياردەم بېرىشىنى تىلەيمەن. ئەللاھ ماڭا يېتەرلىك، ئەللاھ نېمىدېگەن ياخشى قوغدىغۇچى ھە!).

www.uyghurkitap.com

بِسْمِ اللهِ الرَّحْمنِ الرَّحِيْمِ

# اَلْبَابُ اْلاوَّلُ فِى الْحكَمِ وَمَايُنَاسِبُهَا لِبَعْضِ الْعُلَمَاء

مَاَ وَهَبَ اللهِ لامْرِئٍ هِبَةً * أَحْسَنَ مِنْ عَقْلِهِ وَمِنْ أَدَبِهِ

هُمَا جَمَالُ الفَتَى فَإِنْ فُقِداَ * فَفَقْدُهُ لِلْحَيَاةِ أَجْمَلُ بِهِ

وَلِلْأخَـــــــرِ

وَكُلُّ فَضِيْلَةٍ فِيْهاَ سَنَاء" * وَجَدْتُ الْعِلْمَ مِنْ هَاتِيْكَ أَسْنَى

فَلا تَعْتَدَّ غَيْرَ الْعِلْمِ ذُخْرًا * فَاِنَّ الْعِلْمَ كَنْزٌ لَيْسَ يَفْنَى

وَلِلْأخَـــــــرِ

فَفُزْ بِعِلْمٍ تَعِشْ حَيًّا بِهِ أَبَداً * اَلنّاسُ مَوْتَى وَاَهْلُ الْعِلْمِ أَحْيَاءُ

经文1.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئايىغۇچى، كۆيۈنگۈچى ئەللاھنىڭ نامى بىلەن (باشلايمەن).

# 1. باب بىلىم ــ ھېكمەت ۋە ئۇنىڭغا مۇناسىۋەتلىك نەرسىلەر توغرىسىدا

**بىر ئالىمنىڭ سۆزى:**

ئەللاھ ئىنسانغا ئەقىل ـ ئەدەپتىن ئارتۇقراق تۇرىدىغان بىر نېمەتنى بەرگەن ئەمەس. ئەقىل ۋە ئەدەپ ياشلارنىڭ جامالىدۇر. ئادەمنىڭ ئۇ ئىككىسىدىن ئايرىلغىنىدىن كۆرە ھاياتىدىن ئايرىلىشى ياخشىراقتۇر.

**بىر دانانىڭ سۆزى:**

ھەر قانداق ئارتۇقچىلىقنىڭ يۇكسەك چوققىسى بولىدۇ، مەن بىلىمنىڭ ھەممىدىن يۇكسەك ئىكەنلىكىنى بايقىدىم. شۇنىڭ ئۈچۈن، سەن بىلىمدىن باشقا نەرسىنى يىغمىغىن دېمە، شۈبھىسىزكى، بىلىم تۈگىمەس خەزىنىدۇر.

**بىر دانانىڭ سۆزى:**

ئىلىم ئال! ئىلىم بىلەن مەڭگۈ ھايات (ياشايسەن)، ئىنسانلار ئۆلۈكلەرگە ئوخشاش، ھالبۇكى بىلىم ئەھلى (مەڭگۈ) ھايات.

## وَللأخـــــــر

تَعلَّمْ يا فَتى فَالْجَهْلُ عارٌ * ولا يَرْضَى بِهِ إلاَّ حِمَارٌ

## لِبَعْضِ الْــــــفُضَلاءِ

يَا خَادِمَ الْجِسْمِ كَمْ تَسْعَى لِخِدْمَتِهِ * وَتَطْلُبُ الرِّبْحَ فِيمَا فِيْهِ خُسْرَانُ

عَلَيْكَ بِالنَّفْسِ وَاسْتَكْمِلْ فَضَائِلَهَا * فَأَنْتَ بِالنَّفْسِ لاَ بِالْجِسْمِ انْسَانُ

## لِفَيْلَسُوف الأُدَبَاءِ أَبِى الْعَلاَءِ

وَالْعُمْرُ أَنْفَسُ مَا الإنْسَانُ يُنْفِقُهُ * فَاجْعَلْهُ للهِ تُحْمَدْ فِى سَجَايَاهُ

فَانْ قَدَرْتَ فَلا تَفْعَلْ سِوَى حَسَنٍ * بَيْنَ الأَنَامِ وَجَانِبْ كُلَّ مَا قَبُحَا

## وَلَهُ أَيْضًا

وَلَمْ يَتَنَاوَلْ دُرَّةَ الْحَقِّ غَائِصٌ * مِنَ النَّاسِ الاَّ بِالرَّوِيَّةِ وَالْفِكْرِ

## وَلَهُ أَيْضًا

وَإِنَّكَ إِنْ تَسْتَعْمِلِ الْعَقْلَ لاَ يَزَلْ * مَبِيْتُكَ فِى لَيْلٍ بِعَقْلِكَ مُشْمِسُ

## وَلَهُ أَيْضًا

فَشَاوِرِ الْعَقْلَ وَاتْرُكْ غَيْرَهُ هَدَراً * فَالْعَقْلُ خَيْرُ مُشِيرٍ ضَمَّهُ النَّادِى

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

**بىر دانانىڭ سۆزى:**

ئەي ئوغۇل، بىلىم ئۆگەنگىن! نادانلىق نومۇستۇر، بۇ نومۇسنى (كۆتۈرۈشكە) پەقەت ئېشەكلا رازى بولىدۇ.

**بىر دانانىڭ سۆزى:**

ئەي ئۆز تېنىنىڭ خىزمەتچىسى بولغان (ئىنسان)! سەن قاچانغىچە تېنىڭنىڭ خىزمىتى ئۈچۈن شاپاشلايسەن ۋە زىيان چىقىدىغان نەرسىدىن پايدا ئىزدەيسەن؟! روھىڭنى كۈچەيتكىن، ئۇنىڭ پەزىلەتلىرىنى مۇكەممەللەشتۈرگىن. سەن تېنىڭ بىلەن ئەمەس، بەلكى روھىڭ بىلەن ئىنساندۇرسەن.

**ئەدىب، پەيلاسوپ ئەبۇلئەلا① نىڭ سۆزى:**

ئۆمۈر ئىنسان خىراجەت قىلىدىغان ئەڭ نەپىس نەرسىدۇر. ئۆمرۈڭنى ئەللاھ ئۈچۈن بېغىشلىغىن. ئەخلاقى جەھەتلەردە ماختاشقا سازاۋەر بولىسەن. ئەگەر قادىر بولساڭ كىشىلەر ئارىسىدا ياخشىلىقلا قىلىپ (ئۆت)، بارلىق سەتچىلىكلەردىن يىراقتۇر.

**ئەدىب، پەيلاسوپ ئەبۇلئەلانىڭ سۆزى:**

ئىنسانلار ئىچىدىكى غەۋۋاسلار ھەقىقەت گۆھىرىنى پەقەت چوڭقۇر ئويلىنىش ۋە تەپەككۇر قىلىش ئارقىلىقلا قولغا كەلتۈرەلەيدۇ.

**ئەدىب، پەيلاسوپ ئەبۇلئەلانىڭ سۆزى:**

ئەگەر ئەقلىڭنى ئىشلەتسەڭ، سېنىڭ تۇرالغۇڭ تۈن كېچىلەردىمۇ ئەقلىڭ بىلەن يورۇق بولىدۇ.

**ئەدىب، پەيلاسوپ ئەبۇلئەلانىڭ سۆزى:**

ئەقلىڭ بىلەن كېڭەش، باشقىلار بىلەن ھېسابلاشما. (ھېچقانداق) مەجلىستە ئەقىلدىن ياخشىراق مەسلىھەتچى يوقتۇر.

---

① ئەبۇلئەلا مۇئەررى (973 –1058) ئابباسىيلار دەۋرىدە ئۆتكەن شائىر. ئۈچ يېشىدا ئىككى كۆزى ئەما بولۇپ قالغان.

## لابْنِ الْوَرْدِيّ

أُطْلُبِ الْعِلْمَ وَلاَ تَكْسَلْ فَمَا * أَبْعَدَ الْخَيْرَ عَلَى أَهْلِ الْكَسَلِ
وَاحْتَفِلْ لِلْفِقْهِ فِي الدِّيْنِ وَلاَ * تَشْتَغِلْ عَنْهُ بِمَالٍ وَ خَوَلٍ

لاَ تَقُلْ قَدْ ذَهَبَتْ أَرْبَابُهُ * كُلُّ مَنْ سَارَ عَلَى الدَّرْبِ وَصَلَ
فِي إِزْدِيَادِ الْعِلْمِ اِرْغَامُ الْعِدَى * وَجَمَالُ الْعِلْمِ إِصْلاَحُ الْعَمَلِ

جَمِّلِ الْمَنْطِقَ بِالنَّحْوِ فَمَنْ * يَحْرُمِ الإِعْرَابَ بِالنُّطْقِ اخْتَبَلَ
انْظِمِ الشِّعْرَ وَلاَزِمْ مَذْهَبِى * فِي طِرَاحِ الرِّفْدِ لاَ تَبْغِ النِّحَلِ

فَهُوَ عُنْوَانٌ عَلَى الْفَضْلِ وَمَا * أَحْسَنَ الشِّعْرَ إِذَا لَمْ يُبْتَذَلْ
إِطْرَحِ الدُّنْيَا فَمِنْ عَادَاتِهَا * تَخْفِضُ الْعَالِي وَتُعْلِي مَنْ سَفَلَ

كَمْ جَهُول بَاتَ فِيْهَا مُكْثِرًا * وَعَلِيْمٍ بَاتَ مِنْهَا فِي عِلَلٍ
كَمْ شُجَاعٍ لَمْ يَنَلْ فِيْهَا الْمُنَى * وَجَبَانٍ نَالَ غَايَاتِ الآمَلِ

لاَ تَقُلْ أَصْلِى وَفَصْلِى أَبَدًا * إِنَّمَا أَصْلُ الْفَتَى مَا قَدْ حَصَلَ
قَدْ يَسُوْدُ الْمَرْءُ مِنْ دُوْنِ اَبٍ * وَبِحُسْنِ السَّبْكِ قَدْ يُنْفَى الدَّغَلُ
إِنَّمَا الْوَرْدُ مِنَ الشَّوْكِ وَمَا * يَنْبُتُ النَّرْجِسُ إِلاَّ مِنْ بَصَلٍ

www.uyghurkitap.com

**ئىبنۇلۋەردىنىڭ سۆزى:**

ئىلىم تەلەپ قىل، بوشاشما، ھورۇنلار ياخشىلىقتىن ناھايىتى يىراقتۇر. دىن ئىلمى ئۈچۈن بارلىقىڭنى بېغىشلا، پۇل، مال، دوست-يارەنلەرنى دەپ ئۇنىڭدىن يۈز ئۆرمىگىن. بۇ ئىلىمنىڭ ئىگىلىرىنى كېتىپ قالدى دېمە. يول بويلاپ ماڭغان ئادەم (نىشانغا) يەتمەي قالمايدۇ.

بىلىمنى ئاشۇرۇش بىلەنلا دۈشمەنلەرنى يەرگە قاراتقىلى بولىدۇ. ئەمەلىيەتنىڭ ياخشى بولۇشى بىلىمنىڭ ياخشى بولغانلىقىنىڭ (ئىسپاتىدۇر).

سۆزۈڭنى گىراماتىكىغا (چۈشۈرۈش) بىلەن چىرايلىقلاشتۇر. ئىئرابتىن ① مەھرۇم بولغان ئادەم سۆزىنى بۇزىدۇ.

شېئىر ياز، مېنىڭ ئىزىمنى باس، (بىر كىمگە) ياخشىلىق قىلىشتا ئالاقە ئورنىتىۋېلىشنى ئويلىما، شېئىر پەزىلەتلىكلەرنىڭ ئىپادىسىدۇر. (پۇل- مال ئۈچۈن يېزىلىش بىلەن) خارلانمىغان شېئىر ئاجايىپ ياخشى شېئىردۇر.

دۇنيانى چۆرۈۋەت، دۇنيانىڭ ئادەتلىرىدىن بىرى يۇقىرىنى تۆۋەن، تۆۋەننى يۇقىرى قىلىشتۇر. دۇنيادا نۇرغۇنلىغان نادانلار پۇلدار- بايلاردىن بولغان بولسا، يەنە نۇرغۇن بىلىملىكلەر جاپا-مۇشەققەت ئىچىدە ئۆتكەن.

كۆپلىگەن باھادىرلار دۇنيادا ئارزۇسىغا يېتەلمىگەن بولسا، نۇرغۇنلىغان قورقۇنچاقلار ئارزۇ - ئارمانلىرىنى تولۇق ئىشقا ئاشۇرغان.

ھەرگىزمۇ مېنىڭ ئەسلىم، ئۇرۇق - تۇغقانلىرىم (بار) دېمىگىن. چوقۇمكى يىگىتنىڭ ئەسل - ۋەسلى قولىغا كەلتۈرگەن نەرسىسىدۇر (مۇۋەپپەقىيەتتۇر).

بەزىدە دادىسىز (يەنى دادىسى كاتتىلاردىن بولمىغان) ئىنسانلارمۇ كاتتىلاردىن بولۇپ قالىدۇ. بەزىدە (ئالتۇن - كۈمۈشلەر) ياخشى قۇيۇلۇشى بىلەن داغلاردىن خالىي بولىدۇ. ئالاھىدە پارقىرتىش كەتمەيدۇ.

شۈبھىسىزكى، گۈل تىكەندىن (ئۈزۈۋېلىنىدۇ)، شۇنداقلا نەرگىس گۈلىمۇ پىيازدىن ئۈنۈپ چىقىدۇ.

---

① ئەرەب تىلىدا ھەر خىل بەلگىلەرنى ئىپادىلەيدىغان زەۋەر، زىر، پېش قاتارلىقلار دەپ ئاتىلىدۇ.

قِيمَةُ الإِنْسَانِ مَا يُحْسِنُهُ * أَكْثَرَ الإِنْسَانُ مِنْهُ أَوْ أَقَلّ

لَيْسَ يَخْلُو الْمَرْءُ مِنْ ضِدٍ وَلَوْ * حَاوَلَ الْعُزْلَةَ فِي رَأْسِ الْجَبَلِ
دَارِ جَارَ السُّوءِ بِالصَّبْرِ وَإِنْ * لَمْ تَجِدْ صَبْراً فَمَا أَحْلَى النَّقَلَ

جَانِبِ السُّلْطَانَ وَاحْذَرْ بَطْشَهُ * لا تُعَانِدْ مَنْ إِذَا قَالَ فَعَلَ
لا تَلِ الأَحْكَامَ إِنْ هُمْ سَأَلُوا * رَغْبَةً فِيْكَ وَخَالِفْ مَنْ عَذَلَ

إِنَّ نِصْفَ النَّاسِ أَعْدَاءٌ لِمَنْ * وَلِيَ الأَحْكَامَ هَذَا إِنْ عَدَلَ
قَصِّرِ الآمَالَ فِي الدُّنْيَا تَفُزْ * فَدَلِيْلُ الْعَقْلِ تَقْصِيْرُ الأَمَلِ
غِبْ وَزُرْ غِبًّا تَزِدْ حُبًّا فَمَنْ * أَكْثَرَ التَّرْدَادَ أَقْصَاهُ الْمَلَلُ
لا يَضُرُّ الْفَضْلَ إِقْلالٌ كَمَا * لا يَضُرُّ الشَّمْسَ اطْبَاقُ الطَّفَلِ

خُذْ بِنَصْلِ السَّيْفِ وَاتْرُكْ غِمْدَهُ * وَاعْتَبِرْ فَضْلَ الْفَتَى دُوْنَ الْحُلَلِ
حُبُّكَ الأَوْطَانَ عَجْزٌ ظَاهِرٌ * فَاغْتَرِبْ تَلْقَ عَنِ الأَهْلِ بَدَلَ

فَبِمُكْثِ الْمَاءِ يَبْقَى آسِنًا * وَسُرَى الْبَدْرِ بِهِ الْبَدْرُ اكْتَمَلَ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئىنسانىنىڭ قىممىتى، مەيلى بىر ئىشنى كۆپ قىلسۇن ياكى ئاز قىلسۇن، ئىنسان ياخشى قىلالايدىغان نەرسىدىدۇر.
ئىنسان تاغنىڭ چوققىسىدا يەككە-يېگانە تۇرىمەن دېگەن تەقدىردىمۇ، (ئۇنداق ياكى بۇنداق) زىددىيەتلەردىن خالى بولالمايدۇ.
يامان قوشنىلار بىلەنمۇ سەۋرچانلىق بىلەن چىقىشىپ ئۆت، ئەگەر سەۋر قىلالمىساڭ، ئەڭ ياخشىسى كۆچۈپ كەت.
(شاھلاردىن) يىراقتۇر، ئۇنىڭ قاتتىق زەربە بېرىشكە ئۇچراشتىن ھەزەر ئەيلە. قىلمىغىن دېگىنىنى قىلماي قويمايدىغان كىشىلەر بىلەن ئۆچەكەشمە.
كىشىلەر قىزىقىپ تەلەپ قىلغان تەقدىردىمۇ، ھۆكۈم ئىشلىرىنى ئۈستۈڭگە ئالما، مالامەت قىلغۇچىلارنىڭ ئەكسىچە ئىش تۇت.
شۈبھىسىزكى، ئادالەتپەرۋەر بولغان تەقدىردىمۇ، كىشىلەرنىڭ يېرىمى ھۆكۈم ئىشلىرىنى ئۈستىگە ئالغان كىشىگە دۈشمەندۇر.
دۇنيادا ئارزۇلارنى ئاز قىل، غالىپ بولىسەن، ئارزۇلارنى ئاز قىلىش - ئاقىللىقنىڭ ئىپادىسىدۇر.
دوستلىرىڭنى ئۇزۇن - ئۇزۇندا يوقلا، دوستلۇقنى كۈچەيتىسەن. كىمكى بېرىش - كېلىشنى كۆپ قىلسا، ئاخىر زېرىكىش ئۇنى يىراقلاشتۇرۇپ قويىدۇ.
ھەر كۈنى كەچتە قۇياشنىڭ پېتىشى ئۇنىڭغا زىيان يەتكۈزەلمىگىنىدەك، كەمبەغەل بولۇش پەزىلەتكە زىيان يەتكۈزەلمەيدۇ.
قىلىچنىڭ تىغىنى نەزەردە تۇت، غىلىپى بىلەن كارىڭ بولمىسۇن، يىگىتىڭنىڭمۇ پەزىلىتىنى ھېسابقا ئال، كۆرۈنۈشىگە قارىما.
يۇرتۇڭدىلا تۇرۇۋېلىشىڭ ئوپئوچۇق ئاجىزلىقتۇر. باش ئېلىپ چىقىپ كەت. (يېڭى - يېڭى) ئۇرۇق - تۇغقانلارغا ئۇچرىشىسەن.
دېمەككى، سۇ (كۆلدە) ئۇزۇن تۇرغانلىقتىن سېسىپ كېتىدۇ. تولۇن ئاي (كۆكتە) ئۇزۇپ يۈرگەچكە، ئۇ تولۇپ (ئون تۆت كۈنلۈك) مۇكەممەل ئاي بولغان.

## فِي الْمَوْعِظَةِ لِبَعْضِ الْمَشَايِخِ

وَارْحَمْ بُنَيَّ جَمِيْعَ الْخَلْقِ كُلَّهُمُ * وَانْظُرْ إِلَيْهِمْ بِعَيْنِ اللُّطْفِ وَالشَّفَقَةِ
وَقِّرْ كَبِيْرَهُمُ وَارْحَمْ صَغِيْرَهُمُ * وَرَاعِ فِي كُلِّ حَقٍّ حَقَّ مَنْ خَلَقَهُ

## لِلْآخَرِ

ازْرَعْ جَمِيْلاً وَلَوْ فِي غَيْرِ مَوْضِعِهِ * فَلا يَضِيْعُ جَمِيْلٌ أَيْنَمَا وُضِعَا
إِنَّ الْجَمِيْلَ وَإِنْ طَالَ الزَّمَانُ بِهِ * فَلَيْسَ يَحْصُدُهُ إِلاَّ الَّذِي زَرَعَا

## لِبَعْضِ الْكُرَمَاءِ

تَكَرَّمْ لِتَعْتَادَ الْجَمِيْلَ فَلَنْ تَرَى * أَخَا كَرَمٍ الاَّ بِاَنْ يَتَكَرَّمَا

## لِبَعْضِ الْفُضَلاَءِ

إِذَا أَنْتَ لَمْ تَشْرَبْ شَرَابًا عَلَى الْقَذَى * ظَمِئْتَ وَأَيُّ النَّاسِ تَصْفُو مَشَارِبُهُ
وَمَنْ ذَا الَّذِي تُرْضَى سَجَايَاهُ كُلُّهَا * كَفَى الْمَرْءَ نُبْلاً أَنْ تُعَدَّ مَعَايِبُهُ

## لِلْأَخَرِ

وَهَلْ يَنْفَعُ الْفِتْيَانَ حُسْنُ وُجُوهِهِمْ * إِذَا كَانَتِ الْأَخْلاَقُ غَيْرَ حِسَانِ
فَلا تَجْعَلِ الْحُسْنَ الدَّلِيْلَ عَلَى الْفَتَى * فَمَا كُلُّ مَصْقُولِ الْحَدِيْدِ يَمَانِ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**بىر پېشۋانىڭ نەسىھىتى :**

ئەي ئوغلۇم ، جانلىقلارنىڭ ھەممىسىگە رەھىم قىلغىن ، ئۇلارغا كۆيۈنۈش ۋە شەپقەت كۆزلۈك بىلەن باق . ئۇلارنىڭ چوڭلىرىنى ھۆرمەتلە ، كىچىكلىرىگە رەھىم قىل . ھەر بىر ئىشتا ھەممىنى پەيدا قىلغۇچىنىڭ ھەققىگە رىئايە قىل .

**بىر دانانىڭ سۆزى:**

گەرچە لاياقەتسىز ئوروۇنلار بولسىمۇ ياخشىلىق تېرىغىن (قىلغىن) ، ياخشىلىق قەيەرگىلا تېرىلسۇن ، زايا كەتمەيدۇ . ياخشى ئىشقا گەرچە ئۇزۇن زامانلار بولۇپ كەتكەن بولسىمۇ ، ئۇنىڭ ھوسۇلىنى پەقەت تېرىغان كىشىلا كۆرىدۇ .

**بىر دانانىڭ سۆزى:**

ئەگەر سەن سۆيۈكنى ئەخلەت چۆشكەن دەپ ئىچمىسەڭ ، ئۇسسىز قالىسەن ، قانداق كىشىنىڭ سۆيىنىڭ ھەممىسى ساپ بولغان ؟ يەنە قانداق كىشىنىڭ ھەممە ئىشى دۇرۇس دەپ قارالغان ؟ ! كىشىنىڭ ئەيىبلىرىنىڭ سانالغانلىقى ئاشۇ كىشىنىڭ پەزىلەتلىك ئىكەنلىكىنىڭ يېتەرلىك ئىسپاتىدۇر .

**بىر دانانىڭ سۆزى:**

ئىكرام قىل ، شۇنداق قىلساڭ ياخشى ئىش قىلىشنى ئادەتكە ئايلاندۇرالايسەن . قىسقىسى ، (سېنى) ھۆرمەتلەيدىغان بىر ئادەمنى پەقەت (سەن باشقىلارنى) ھۆرمەتلەش بىلەنلا تاپالايسەن .

**بىر دانانىڭ سۆزى:**

ئەگەر ئەخلاقى ياخشى بولمىسا ، كىشىلەرنىڭ يۈزىنىڭ چىرايلىقلىقى مەنپەئەت قىلامدۇ ؟ شۇنىڭ ئۈچۈن سەن چىرايلىقلىقنى ئوغۇل باللىقنىڭ ئىپادىسى قىلما ، چۈنكى پارقىراق تۆمۈرنىڭ ھەممىسى يەمەننىڭ تۆمۈرى بولۇۋەرمەيدۇ .

وَفِى هَذَا الْمَعْنَى

فَلا يَنْفَعُ الأَصْلُ مِنْ هَاشِمٍ * إِذَا كَانَتِ النَّفْسُ مِنْ بَاهِلٍ

لِـــــلاَخَــرِ

اَلنُّطْقُ زَيْنٌ وَالسُّكُوتُ سَلاَمَةٌ * فَإِذَا نَطَقْتَ فَلاَ تَكُنْ مِكْثَاراً
مَا اِنْ نَدَمْتُ عَلَى سُكُوتِىَ مَرَّةً * وَلَقَدْ نَدَمْتُ عَلَى الْكَلاَمِ مِرَاراً

لِلْــبَعْضِ

لِكُلِّ دَاءٍ دَوَاءٌ يُسْتَطَبُّ بِهِ * إِلا الْحَمَاقَةَ اَعْيَتْ مَنْ يُدَاوِيْهَا
فِى الْقَضَاءِ وَالْقَدَرِ لِتَقِىِّ الدِّيْنِ

اَلْحَمْدُ لله كَمْ اَسْمُو بِعَزْمِى فِى * نَيْلِ الْعُلاَ وَقَضَاءُ الله يَنْكِسُهُ
كَأَنَّنِى الْبَدْرُ يَبْغِى الشَّرْقَ وَالْفَلَكُ الْ * أَعْلَى يُعَارِضُ مَسْرَاهُ فَيُعْكِسُهُ

لِلْبَعْـــضِ

كَمْ مِنْ قَوِىٍّ قَوِىّ فِى تَقَلُّبِه * مُهَذَّبُ الرَّأْىِ عَنْهُ الرِّزْقُ مُنْحَرِفُ
وَكَمْ ضَعِيْفٍ ضَعِيْفٌ فِى تَقَلُّبِهِ * كَانَّهُ مِنْ خَلِيْجِ الْبَحْرِ يَغْتَرِفُ

www.uyghurkitap.com

**مۇشۇ مەنىدىكى بىر سۆز:**

ئەگەر كىشىنىڭ خوي-پەيلى باھىل ① قەبىلىسىدىن بولسا، ئەجدادىنىڭ ھاشىم ② قەبىلىسىدىن بولۇشى مەنپەئەت بەرمەيدۇ.

سۆز زىننەتتۇر، سۈكۈت بولسا خاتىرجەملىكتۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن، كۆپ سۆزلىمە. مەن سۈكۈت قىلغىنىمغا بىر قېتىممۇ پۇشايمان يېمىدىم. ئەمما، سۆزلىگىنىمگە كۆپ قېتىم پۇشايمان يېدىم.

**بىر دانانىڭ سۆزى:**

ھەر قانداق كىيسەلنىڭ دورىسى بولىدۇ. پەقەت ھاماقەتلىكلا بۇنىڭدىن مۇستەسنا، (تېۋىپلار) بۇ كېسەلنى داۋالاشقا ئاجىزلىق قىلىدۇ.

**تەقىيۇددىنىڭ قازا ۋە قەدەر ھەققىدىكى سۆزى:**

ئەللاھقا شۈكرىكى، مەن يۈكسەكلىككە كۆتۈرۈلۈش يولىدا ئۇلۇغۋار ئىرادىلەرنى تىكلەيمەن، ئەللاھنىڭ قازاسى بولسا، ئۇنى ئەكسىگە ئۆرۈپ تۇرىدۇ.

گوياكى مەن شەرقنى ئىزدەۋاتقان بىر تولۇن ئايمەنكى، ئاسمان جىسىملىرى ئۇنىڭ مېڭىش يولىدا تۈرۈۋېلىپ ئەكسىگە قايتۇرۇپ تۇرىدۇ (ئەتىسى غەربتىن چىقىپ قالىدۇ.)

**بىر دانانىڭ سۆزى:**

(دۇنيادا) توغرا دۇنيا قاراشقا ئىگە، ھەرىكەت جەھەتتە كۈچلۈك ئادەملەر نۇرغۇن. رىزىق ئۇنىڭدىن ئۆزىنى چەتكە ئالغان. يەنە نۇرغۇنلىغان ئاجىز، ھەرىكەتتە جانسىز ئادەملەر بار. گويا ئۇ (بىپايان) دېڭىز قىرغىقىدا (رىزقىنى) چاڭگاللاپ ئالىدۇ.

---

② باھىل-نەسەب جەھەتتە ئەڭ تۆۋەن قەبىلە.

ھاشىم-نەسەب جەھەتتە ئەڭ يۇقىرى قەبىلە.

هَذَا دَلِيْلٌ عَلَى أَنَّ الإِلَهَ لَهُ * فِى الْخَلْقِ سِرٌّ خَفِىٌّ لَيْسَ يَنْكَشِفُ

لِلشَّافِعِىِّ رَضِىَ اللهُ عَنْهُ

لَوْ أَنَّ بِالْحِيَلِ الْغِنَى لَوَجَدْتَنِى * بِنُجُومِ أَفْلاَكِ السَّمَاءِ تَعَلُّقِى
لَكِنَّ مَنْ رُزِقَ الْحِجَا حُرِمَ الْغِنَى * ضِدَّانِ مُفْتَرِقَانِ أَىَّ تَفَرُّقِ

فَاذَا سَمِعْتَ بِأَنَّ مَحْرُوماً أَتَى * مَاءً لِيَشْرَبَهُ فَغَاضَ فَصَدِّقِ
أَوْ أَنَّ مَحْظُوظًا غَدَا فِى كَفِّهِ * عُوْدٌ فَأَوْرَقَ فِى يَدَيْهِ فَحَقِّقِ

وَللهِ دُرُّ الْقَائِلِ

لاَ تَحْرُصَنَّ عَلَى عِلْمٍ وَلاَ أَدَبٍ * فَقَدْ يَضُرُّ الْفَتَى عِلْمٌ وَتَحْقِيْقُ
أَهْلُ الْفَضَائِلِ وَالآدَابِ قَدْ كَسَدُوا * وَالْجَاهِلُونَ فَقَدْ قَامَتْ لَهُمْ سُوقُ

لِأَبِى تَمَّامِ

يَنَالُ الْغِنَى فِى الدَّهْرِ مَنْ هُوَ جَاهِلٌ * وَيَكْدِى الْعَنَا فِى الدَّهْرِ مَنْ هُوَ عَالِمٌ
وَلَوْ كَانَتِ الاَرْزَاقُ تَجْرِى عَلَى الْحِجَا * إِذَنْ هَلَكَتْ مِنْ جَهْلِهِنَّ الْبَهَائِمُ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بۇ ئەللاھنىڭ مەخلۇقاتىدا ھەرگىز ئاچقىلى بولمايدىغان بىر سىرنىڭ بارلىقىنىڭ دەلىلىدۇر.

**شافىئى رەھمە ھۇللاھنىڭ سۆزى:**

ئەگەر تەدبىر بىلەن بايلىق تاپقىلى بولسا، مەن بۇ جەھەتتە ئۆكەر يۇلتۇزىغا قول سۇنغان بولاتتىم، لېكىن ئەقىل بېرىلگەنلەر بايلىقتىن مەھرۇم بولغان. بۇ ئىككىسى بىر - بىرىگە زىت بولغان ئىككى نەرسىدۇر.

ئەگەر سەن بىر بىتەلەي دەريا بويىغا سۇ ئىچكىلى كېلىۋىدى سۇ سىڭىپ كەتتى دەپ ئاڭلىساڭ سەن بۇ گەپكە ئىشەن. بىر تەلەيلىك كىشى قولىدا ياغاچ تۇتۇپ تۇراتتى، ياغاچ كۆكلەپ يوپيۇرماق چىقاردى دېسە ھەق راست دېگىن.

**بىر دانانىڭ سۆزى:**

ئىلىم ۋە ئەدەپكە ئۇنچىۋالا ھېرىس بولۇپ كەتمىگىن. بەزىدە كىشىگە ئىلىم ۋە تەتقىقاتمۇ زىيان ئېلىپ كېلىدۇ. پەزىلەت ۋە ئەدەپ ئىگىلىرىنىڭ بازىرى كاساتلىشىپ نادانلارنىڭ بازىرى چىققتى.

**ئەبۇ تەممامنىڭ ①سۆزى:**

دۇنيادا بايلىقنى نادانلار ئېرىشىپ، جاپانى ئالىملار تارتىدۇ. ناۋادا، رىزىق ئەقىلگە قاراپ بېرىلىدىغان بولسا، ئۇنداقتا ئۆزىنىڭ نادانلىقىدىن ھايۋاناتلار ھالاك بولغان بولاتتى.

---

① ئەبۇ تەممام مىلادىيە 788– 846 يىللاردا ياشىغان.

للْبَعْضِ

يَا مَنْ عَلاَ وَعُلُّوُهُ * أُعْجُوبَةٌ بَيْنَ الْبَشَرِ
اَلدَّهْرُ دُولاَبٌ وَلَيْسَ * يَدُورُ إلاَّ بِالْبَقَرِ

للأَخَرِ

دَهْرٌ عَلاَ قَدْرُ الْوَضِيْعِ بِهِ * وَتَرَى الشَّرِيْفَ يَحُطُّهُ شَرَفُهُ
كَالْبَحْرِ يَرْسُبُ فِيْهِ لُؤْ لُوءُ هُ * سُفْلاً وَتَعْلُو فَوْقَهُ جِيَفُهُ

لِأَبِى تَمَّام

وَإِذَا أَرَادَ اللهُ نَشْرَ فَضِيْلَةٍ * طُوِيَتْ أَطَاحَ لَهَا لِسَانَ حَسُودِ
لَوْلاَ اشْتِعَالُ النَّارِ فِيْمَا جَاوَرَتْ * مَاكَانَ يُعْرَفُ طِيْبُ عَرْفِ الْعُودِ

لِأَبِى الْحَسَنِ التِّهَامِى

وَمُكَلِّفُ الْأَيَّامِ ضِدَّ طِبَاعِهَا * مُتَطَلِّبٌ فِىالْمَــاءِ جَذْوَةَ نَارِ
لَيْسَ الزَّمَانُ وَإِنْ حَرِصْتَ مُسَالِمًا * خُلْقُ الزَّمَانِ عَدَاوَةُ الْاَحْرَارِ

لِأَبِى الطَّاهِرِ الْاسْكَنْدَرِىّ

وَإِذَا السَّعَادَةُ رَاقَبَتْكَ عُيُونُهَا * نَمْ فَالْمُخَاوِفُ كُلُّهُنَّ أَمَانُ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

**بىر دانانىڭ سۆزى:**

ئەي، - ئالىيلىقى كىشىلەر ئارىسىدا قىزىق نۇقتا بولغان ئالىي جانابلار، دۇنيا بىر (سۇ تارتىدىغان) چاقپەلەكتۇر. ئۇ پەقەت كالا بىلەنلا ئايلىنىدۇ.

**بىر دانانىڭ سۆزى:**

دۇنيادا پەس كىشىلەر ئۇلۇغلاندى، ئۇلۇغلارنىڭ بولسا يەرگە ئۇرۇلغانلىقىنى كۆرسەن (دېمەك دۇنيا) دېڭىزغا ئوخشايدۇكى، ئۇنىڭ تېگىدە مەرۋايىتلار تۆۋەنگە چۆكۈپ تۇرغان بولىدۇ، چىرىغان جەسەتلەر ئۈستىدە لەيلەپ تۇرىدۇ.

**ئەبۇ تەممامنىڭ سۆزى:**

ئەگەر ئەللاھ يېپىلىپ قالغان بىرەر پەزىلەتنى تارقىتىشنى ئىرادە قىلسا، ئۇ پەزىلەت ئۈچۈن ھەسەتخورلارنىڭ تىلىنى (غەيۋەت قىلىش ئۈچۈن) كۆزەتچىلىككە قويىدۇ. ئەگەر ئوت يېنىدىكى نەرسىلەرنى كۆيدۈرمىگەن بولسا ئىدى، ئارچا ياغىچىنىڭ پۇرىقىنىڭ خۇش پۇراقلىقى بىلىنمىگەن بولاتتى.

**ئەبۇلھەسەن تەھامىينىڭ سۆزى:**

كۆڭلەرنى ئۆز تەبىئىيتىنىڭ ئەكسىچە بولۇشقا تەكلىپ قىلغۇچى سۇ ئىچىدىن ئوت ئىزدىگۈچىگە ئوخشاشتۇر. دەۋر سەن ھەر قانچە كۆڭۈل بۆلسەڭمۇ خاتىرجەم قىلغۇچى ئەمەس. زاماننىڭ ئادىتى - ياخشىلارنى ئۆچ كۆرۈش.

**ئەبۇ تاھىر ئىسكەندىرىيىنىڭ سۆزى:**

ئەگەر ساڭا بەخت - سائادەت كۆزلىرىنى تىكسە، ئۇخلا، قورقۇنچلارنىڭ ھەممىسى خاتىرجەملىكتۇر.

وَاصْطَدْ بِهَا الْعَنْقَاءَ فَهِيَ حِبَالَةٌ * وَاقْتَدْ بِهَا الْجَوزَاءَ وَهِيَ عِنَانُ

فِي قِلَّةِ الْوَفَاءِ وَالْخِلِّ لِلَّهِ دَرُّ مَنْ قَالَ

كُنْ عَنِ النَّاسِ جَانِبًا * وَأرْضَ بِاللهِ صَاحِباً

قَلِّبِ النَّاسَ كَيْفَ شِئْتَ * تَجِدْهُمْ عَقَـــارِبًا

وَلِلْبَعْضِ

الْخِلُّ وَالْغُوْلُ وَالْعَنْقَاءُ ثَالِثُهُ * أَسْمَاءُ أَشْيَاءَ لَمْ تُوْجَدْ وَلَمْ تَكُنْ

لِلاَفْوَهِ الْاَوْدِى

بَلَوْتُ النَّاسَ قَرْنًا بَعْدَ قَرْنٍ * فَلَمْ أَرَ غَيْرَ خَتَّالٍ وَقَالٍ

وَلَمْ أَرَ فِي الْخُطُوبِ أَشَدَّ وَقْعًا * وَأَصْعَبَ مِنْ مُعَادَاتِ الرِّجَالِ

وَذُقْتُ مِرَارَةَ الْأَشْيَاءِ طُرًّا * فَمَا طَعْمٌ أَمَرُّ مِنَ السُّوَالِ

لِلْأَخَـــــر

لاَ تَكُنْ طَالِباً لِمَا فِي يَدِ النَّا * سِ فَيَزْوَرُّعَنْ لِقَاكَ الصَّدِيْقُ

إِنَّمَا الذُّلُّ فِي سُؤَالِكَ لِلنَّا * سِ وَلَوْ فِي السُّؤَالِ أَيْنَ الطَّرِيْقُ

بەخت بىلەن ھۇما قۇشىنى ئوۋلا، ئۇ قاپقاندۇر. بەخت بىلەن يۇلتۇزلارنى يېتىلە، ئۇ چۇلۇۋۇردۇر.

**ۋاپاسىزلىق ھەققىدە بىر دانانىڭ سۆزى:**

كىشىلەردىن ئۆزۈڭنى چەتكە ئېلىپ، ئەللاھنىڭ ھەمراھلىقىغا رازى ھالدا ياشا، كىشىلەرنى خالىغىنىڭچە سىناپ كۆر، (ھامىنى) ئۇلارنىڭ بىر توپ چايانلار ئىكەنلىكىنى بايقايسەن.

**بىر دانانىڭ سۆزى:**

دوستلۇق، ئىززەتقۇ، ئەنقا (بۇ ئۈچ نەرسە) ئەزەلدىن مەۋجۇت بولۇپ باقمىغان ھەم مەۋجۇت بولمايدىغان شەيئىلەرنىڭ ئىسمىدۇر.

**ئەبۇلئەۋدىينىڭ سۆزى:**

مەن كىشىلەرنى ئۆزۈمدىن بۇيان سىناپ كەلدىم. نەتىجىدە، مەككار دۈشمەندىن باشقا بىرەر نەرسىنى ئۇچراتمىدىم. مەن ھادىسىلەر ئېچىدە كىشىلەر بىلەن دۈشمەنلەشكەندىنمۇ قاتتىقراق تەسىر قىلىدىغان ۋە قىيىنراق بولغان بىرەرسىنى كۆرمىدىم. مەن ئۆمۈمىيۈزلۈك ئاچچىق شەيئىلەرنى تېتىپ كۆردۈم. سوئالدىنمۇ (نەرسە تىلەش، سوراشتىنمۇ) ئاچچىقراق تەم يوق ئىكەن.

**بىر دانانىڭ سۆزى:**

كىشىلەرنىڭ قولىدىكى نەرسىلەرنى تەلەپ قىلغۇچى بولما. دوستلار سەن بىلەن ئۇچرىشىپ قېلىشتىن قاچىدۇ. شۈبھىسىزكى، خارلىق دېگەن كىشىلەردىن بىر نەرسە سوراشتۇر. گەرچە (سېنىڭ سورىغىنىڭ) يول نەدە؟ دېگەن سوئال بولسىمۇ.

لِإِبْرَاهِيْمِ الشَّبْرَاوِى

سَأَلْتُ النَّاسَ عَنْ خِلٍّ وَفِيٍّ * فَقَالُوا مَا إِلَى هَذَا سَبِيْلُ
تَمَسَّكْ إِنْ ظَفَرْتَ بِذَيْلِ حُرٍّ * فَإِنَّ الْحُرَّ فِى الدُّنْيَا قَلِيْلُ

لِأَبِى بَكْرِ الْأَرْجَانِى

وَإِنِّى بَلَوْتُ النَّاسَ أَطْلُبُ مِنْهُمْ * أَخَاثِقَةٍ عِنْدَ اعْتِرَاضِ الشَّدَائِدِ
فَلَمْ أَرَ فِيْمَا سَاءَ نِىغَيْرَشَامِتٍ * وَلَمْ أَرَ فِيْمَا سَرَّنِى غَيْرَ حَاسِدٍ

لِهَرُونِ الرَّشِيْدِ

أَلاَ إِنَّ إِخْوَانِى الَّذِيْنَ عَهِدْتُهُمْ * أَفَاعِى رِمَالٍ لاَ تُقَصِّرُ عَنْ لَسْعِى
ظَنَنْتُ بِهِمْ خَيْراً فَلَمَّا بَلَوْتُهُمْ * نَزَلْتُ بِوَادٍ مِنْهُمُ غَيْرِ ذِى زَرْعِ

لِلْبَعْضِ

أُعَلِّمُهُ الرِّمَايَةَ كُلَّ يَوْمٍ * فَلَمَّا اشْتَدَّ سَاعِدُهُ رَمَانِى

إِبْنُ الرُّومِى

تَخَذْتُكُمْ دِرْعاً حَصِيْنًا لِتَدْفَعُوا * سِهَامَ الْعِدَى عَنِّى فَكُنْتُمْ نِصَالَهَا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

**ئىبراھىم شىبراۋىينىڭ سۆزى:**

مەن كىشىلەردىن ۋاپادار دوست ھەققىدە سورىسام ئۇلار ئۇنىڭغا (ئىرىشىشنىڭ) يولى يوق دېيىشتى. ئەگەر تاپالىساڭ ئەركىن ئادەملەرنىڭ پېشىگە ئېسىل. دۇنيادا ئەركىن ئادەملەر يوق دېيەرلىكتۇر.

**ئەبۇ بەكرىلئەرجانىنىڭ سۆزى:**

مەن كىشىلەرنى سىنىدىم. ئۇلاردىن قىيىنچىلىقتا يولۇققان چاغلاردا ئىشەنچ قىلالىغۇدەك دوست بولۇشنى تەلەپ قىلاتتىم. نەتىجىدە، مېنى خاپا قىلغان ئىشلاردا خۇشال بولغۇچىدىن باشقىنى، مېنى خۇشال قىلغان ئىشلاردا ھەسەت قىلغۇچىدىن باشقىنى كۆرمىدىم.

**ھارۇن رەشىد① نىڭ سۆزى:**

بىلىپ قېلىڭلاركى، مېنىڭ ئەھدىلەشكەن قېرىنداشلىرىم مېنى چېقىشتىن يانمايدىغان قورۇقلۇق يىلانلىرىدۇر. مەن ئۇلارنى ياخشى دەپ ئويلاپ، ئۇلارنى سىناپ بېقىۋىدىم، ئۇلار ئىچىدىن بىر زىرائەتسىز ۋادىغا چۈشتۇم (يەنى ئۇلار كۆتكىنىمدەك چىقمىدى، ئۈمىدىمنى ئاقلىيالمىدى.)

**بىر دانانىڭ سۆزى:**

مەن ئۇنىڭغا ھەر كۈنى ئوق ئېتىشنى ئۆگەتتىم، ئۇنىڭ بىلىكى رۇسلىنىپلا مېنى ئاتتى.

**ئىبنى رۇمىينىڭ سۆزى:**

مەن سىلەرنى مەندىن دۈشمەنىنىڭ ئوقىنى قايتۇرار دەپ قوغدايدىغان ساۋۇت قىلىۋالغانىدىم. ئەمما، سىلەر دۈشمەن ئوقىنىڭ ئۇچى بولدۇڭلار.

---

① ھارۇن رەشىد (786– 809) ئابباسىيلارنىڭ 15- خەلىپىسى، يىگىرمە ئۈچ يىل خەلىپە بولغان.

لِلْبَعْضِ

إِحْذَرْ عَدُوَّكَ مَرَّةً * وَإِحْذَرْ صَدِيْقَكَ أَلْفَ مَرَّةٍ

فَلَرُبَّمَا انْقَلَبَ الصَّدِيْقُ * فَكَانَ اَعْلَمَ بِالْمَضَرَّةِ

لِلْبَعْضِ

دَعْوَى الاِخَاءِ عَلَى الرَّخَاءِ كَثِيْرَةٌ * بَلْ فِي الشَّدَائِدِ تُعْرَفُ الإِخْوَانُ

لِاَبِى الْفَتْحِ

شَرُّ السِّبَاعِ الْعَوَادِى دُوْنَهُ وَزَرٌ * وَالنَّاسُ شَرُّهُمُ مَا دُوْنَهُ وَزَر

كَمْ مَعْشَرٍ سَلِمُوا لَمْ يُؤْذِ هِمْ سَبُعٌ * وَمَا تَرَى بَشَرًا لَمْ يُؤْذِهِ بَشَر

لِلْبَعْضِ

بِلاَدِى وَاِنْ جَارَتْ عَلَيَّ عَزِيْزَةٌ * وَقَوْمِى وَاِنْ ضَنُّوا عَلَيَّ كِرَامُ

لِلْمُتَنَبِّى

وَالظُّلْمُ مِنْ شِيَمِ النُّفُوسِ فَاِنْ تَجِدْ * ذَا عِفَّةٍ فَلِعِلَّةٍ لاَ يَظْلِمُ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**بىر دانانىڭ سۆزى:**

دۈشمىنىڭدىن بىر قېتىم ئېھتىيات قىل، دوستۇڭدىن مىڭ قېتىم. كۆڭلىڭنىڭ بىردە دوست دۈشمەنگە ئايلىنىپ قالسا، زىيان سېلىشقا ناھايىتى قابىل بولۇپ چىقىدۇ. (ئەجەللىك يېرىڭنى بىلىپ زەربە بېرىدۇ).

**بىر دانانىڭ سۆزى:**

باياشاتچىلىقتا بۇرادەرلىكنى دەۋا قىلىدىغانلار ناھايىتى كۆپ. بۇرادەرچىلىكنى پەقەت قىيىن (ھالقىلىق) پەيتلەردىلا بىلگىلى بولىدۇ.

**ئەبۇلفەتھنىڭ سۆزى:**

ئەڭ يامان يىرتقۇچلارنىڭمۇ ئالدىنى توسىدىغان بىرەر نەرسە بولماي قالمايدۇ. يامان ئادەملەرنىڭ بولسا ئالدىنى توسىدىغان نەرسە بولمايدۇ. يىرتقۇچلار ئازار بەرمىگەن ئادەملەر ناھايىتى كۆپ، ئادەملەر ئازار بەرمىگەن بىرمۇ ئىنساننى ئۇچرىتالمايسەن.

**بىر دانانىڭ سۆزى:**

مېنىڭ يۇرتۇم ماڭا زۇلۇم قىلغان تەقدىردىمۇ سۆيۈملۈكتۇر، مېنىڭ خەلقىم ماڭا بېخىللىق قىلغان تەقدىردىمۇ سېخىيدۇر.

**مۇتەنەببىنىڭ سۆزى:**

زۇلۇم ئىنسانلارنىڭ ئەسلىي تەبىئىتىدۇر. ئەگەر زۇلۇم قىلمايدىغان ئادەم بار دېيىلگەن تەقدىردىمۇ، ئۇنىڭ زۇلۇم قىلماسلىقىنىڭ سەۋەبى بار.

---

مۇتەنەببى (915– 965) داڭلىق شائىر.

## لِلْمُتَنَبِّى

وَمَنْ يَجْعَلِ الضِّرْغَامَ لِلصَّيْدِ بَازَهُ * تَصَيَّدَهُ الضِّرْغَامُ فِيْمَا تَصَيَّدَا
وَمَا قَتَلَ الْأَحْرَارَ كَالعفوِ عَنْهُمُ * وَمَنْ لَكَ بِالْحُرِّالَّذِى يَحْفَظُ الْيَدَا

إِذَا أَنْتَ أَكْرَمْتَ الْكَرِيْمَ مَلَكْتَهُ * وَإِنْ أَنْتَ أَكْرَمْتَ اللَّئِيْمَ تَمَرَّدَا
وَوَضْعُ النَّدَى فِى مَوْضِعِ السَيْفِ بِالْعُلَى * مُضِرٌّ كَوَضْعِ السَّيْفِ فِى مَوْضِعِ النَّدَى

## لِلأَخَــــــرِ

لاَ تَلْطُفَنَّ بِذِى لُوْءِمٍ فَتُطْغِيَهُ * وَاغْلُظْ لَهُ يَاءِتِ مطْوَاعاً وَ مذْعَانَا
إِنَّ الْحَدِيْدَ تُلِيْنُ النَّارُ قَسْوَتَهُ * وَلَوْ صَبَبْتَ عَلَيْهِ الْبَحْرَ مَا لاَ نَا

## لِلْمَنْصُورِ

إِذَا كُنْتَ ذَارَأْيٍ فَكُنْ ذَا عَزِيْمَةٍ * فَإِنَّ فَسَادَ الرَّأْيِ أَنْ يَتَرَدَّدَا
وَلاَ تُمْهِلِ الْاَعْدَاءَ يَوْماً بِقُدْرَةٍ * وَبَادِرْهُمُ أَنْ يَمْلِكُوا مِثْلَهَا غَدَا

## لِنَاصِحِ الاَرْجَانِى فِى الْمَشْوَرَةِ

شَاوِرْ سِوَاكَ إِذَا نَابَتْكَ نَائِبَةٌ * يَوْماً وَإِنْ كُنْتَ مِنْ أَهْلِ الْمَشُورَاتِ
فَالْعَيْنُ تَنْظُرُ مِنْهَا مَا دَنَا وَنَأَى * وَلاَ تَرَى نَفْسَهَا اِلاَّ بِمِرْأَةِ

www.uyghurkitap.com

**مۇتەنەببىنىڭ سۆزى:**

كىمكى ئۇۋۇلاش ئۈچۈن شىرنى قارچىغا ئورنىدا ئىشلەتسە، شىر ئۇ ئادەمنى ئۇۋ قاتارىدا ئۇۋلايدۇ. ھۆر تەبىئەت ئادەملەر ئۈچۈن ئېيىتقاندا ئەپۇ قىلىنىش ئۆلتۈرۈلگەندىنمۇ ئېغىر. كىممۇ ساڭا ياخشىلىقنى بىلىدىغان ھۆر تەبىئەتلىك ئادەملەرنى (تېپىپ بېرىشكە) كاپالەتلىك قىلالايدۇ! ئەگەر سەن ئالىيجاناب كىشىلەرنى ھۆرمەتلىسەڭ ئۇ ساڭا بويسۇنىدۇ. ناكەس، پەسەندىلەرنى ھۆرمەتلىسەڭ، تېخىمۇ چەكتىن ئاشىدۇ. شارائىتى بار تۇرۇپ قىلىچ ئورنىغا ياخشىلىق ئىشلىتىش خۇددى ياخشىلىق ئورنىدا قىلىچ ئىشلەتكەندەكلا زىيانلىقتۇر.

**بىر دانانىڭ سۆزى:**

پەسەندىلەرگە ھەرگىزمۇ مېھرىبانلىق كۆرسەتمە، ئۇنى ھەددىدىن ئاشۇرۇپ قويىسەن. قوپاللىق قىل، ئىتائەت قىلىپ، باش ئەگكەن ھالدا ئالدىڭغا كېلىدۇ. شۈبھىسىزكى، تۆمۈرنى پەقەت ئوتلا يۇمشىتىدۇ، ئەمما ئۇنىڭغا پۈتۈن دېڭىز سۈيىنى قۇيساڭمۇ يۇمشىمايدۇ.

**مەنسۇرنىڭ سۆزى:**

ئەگەر سەن ئەقىللىق بولساڭ، كەسكىن بول. شۈبھىسىزكى، ئىككىلىنىش پىكىرنىڭ بۇزۇلغانلىقىدۇر. ئىمكانىيىتىڭ بولسا، دۈشمەنگە بىر كۈنمۇ پۇرسەت بەرمە. دۈشمەن شۇنداق ئىمكانىيەتكە ئېرىشىشتىن ئاۋال سەن قول سالغىن.

**ناسىھىلئەرجانىينىڭ كېڭەش ھەققىدىكى سۆزى:**

ئەگەر كۈنلەرنىڭ بىرىدە بىرەر مەسىلىگە يولۇقۇپ قالساڭ، (گەرچە سەن باشقىلارغا مەسلىھەت بېرىدىغان دانىشمەن كىشىلەردىن بولساڭمۇ) باشقىلارغا مەسلىھەت سال. كۆز ئۆزىنىڭ يېنى ۋە يىراقلارنى كۆرەلەيدۇ. ئۆزىنى ئەينەكسىز ئەسلا كۆرەلمەيدۇ.

## لِهَرُونِ الرَّشِيْدِ

تَأَنَّ وَ شَاوِرْ فَاِنَّ الْاُمُو * رَ مِنْهَا جَلِىٌّ وَمُسْتَغْمِضُ
فَرَأْيَانِ أَفْضَلُ مِنْ وَاحِدٍ * وَرَأْىُ الثَّلَثَةِ لاَ يَنْقَضُ

## لِلْبَعْضِ

وَمَنْ يَحْمَدِ الدُّنْيَا لِشَيْئٍ يَسُرُّهُ * فَسَوْفَ لَعَمْرِى عَنْ قَلِيْلٍ يَلُومُهَا
إِذَاَ أَدْبَرَتْ كَانَتْ عَلَىَ الْمَرْءِ حَسْرَةً * وَإِنْ أَقْبَلَتْ كَانَتْ كَثِيْراً هُمُومُهَا

## لِعَبْدِ اللهِ ابْنِ طَاهِرِ

أَلَمْ تَرَ أَنَّ الدَّهْرَ يَهْدِمُ مَا بَنَى * وَيَأْخُذُ مَا أَعْطَى وَ يُفْسِدُ مَا أَسْدَىَ
فَمَنَ سَرَّهُ أَنْ لاَ يَرَىَ مَا يَسوُءُهُ * فَلاَ يَتَّخِذْ شَيْئاً يَنَالُ بِهِ فَقْدَاَ

## لِلْأَخَـــرِ

لِمَاَ تُؤْذِنُ الدُّنْيَا بِهِ مِنْ صُرُوفِهَا * يَكُونُ بُكَاءُ الطِّفلِ سَاعَةَ يُوْلَدُ
وَاِلاَّ فَمَاَ يُبْكِيْهِ مِنْهَا وَانَّهَاَ * لَاَ وْسَعُ مِمَّا كَاَنَ فِيْهِ وَأَرْغَدُ

إِذَاَ أَبْصَرَ الدُّنْيَا إِسْتَهَلَّ كَاَنَّهُ * بِمَا سَوْفَ يَلْقَى مِنْ أَذَاهَا يُهَدَّدُ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

**ھارۇن رەشىدنىڭ سۆزى:**

كېڭەش قىل، مەسلىھەتلەش، ئىشلارنىڭ ئىچىدە ئوچۇق ئىشلارمۇ، غۇۋا ئىشلارمۇ بولىدۇ. ئىككى ئادەمنىڭ پىكرى بىر ئادەمنىڭكىدىن ئارتۇقتۇر. ئۈچ كىشىنىڭ پىكرى بۇزۇلماستۇر.

**بىر دانانىڭ سۆزى:**

كىمكى ئۆزىنى خۇشال قىلىدىغان ئىشلار ئۈچۈن دۇنيا (بايلىق) نى ماختىسا، قەسەم قىلىمەنكى، ھېچقانچە ئۆتمەيلا ئۇنى ئەيىبلەيدۇ. ئەگەر دۇنيانىڭ قولدىن كەتكەنلىكى، ئۇنىڭ ھەسرىتى بولسا، كەلگەنلىكى ئۇنىڭ غېمىنى كۆپەيتىدۇ.

**ئابدۇللا ئىبىن تاھىرنىڭ سۆزى:**

قارىمامسەنكى، دەۋر بىنا قىلغانلىرىنى ئۆرۈپ، بەرگەنلىرىنى ئېلىپ، ئىسلاھ قىلغانلىرىنى بۇزىدۇ. كىمكى ئۆزى ياقتۇرمايدىغان نەرسىلەرنى كۆرۈشنى خالىمىسا ھامان قولدىن چىقىپ كەتكەن نەرسىگە (ئېرىشمەن دەپ چېپىپ) يۈرمىسۇن.

**بىر دانانىڭ سۆزى:**

بوۋاقلارنىڭ تۇغۇلغان چاغدىكى يىغىسى دۇنيانىڭ ئۇنىڭغا ئۆزىدىكى ھادىسىلەرنى بىلدۈرگەنلىكىدىن بولىدۇ. ئۇنداق بولمىسا، قورساقتىن دۇنيانىڭ كەڭرى ياخشى جايىغا چىقىپمۇ يىغلىغىنىنىڭ سەۋەبى نېمە؟ بالا دۇنيانى كۆرۈپلا دۇچ كېلىدىغان ئازابلارنىڭ تەھدىتىنى ھېس قىلغاندەك يىغلاپ كېتىدۇ.

للْبَعْضِ

وَفِي قَبْضِ كَفِّ الطِّفْلِ عِنْدَ وِلاَدِهِ * دَلِيْلٌ عَلَى الْحِرْصِ الْمُرَكَّبِ فِي الْحَيِّ
وَفِي بَسْطِهَا عِنْدَ الْمَمَاتِ إِشَارَةٌ * أَلاَ فَانْظُرُوا أَنِّي خَرَجْتُ بِلاَ شَيْءِ

لِلْأَخَـــرِ

فَكَمْ أَنْتَ تَنْهَى وَلاَ تَنْتَهِي * وَتُسْمِعُ وَعْظًا وَلاَ تَسْمَعُ
فَيَا حَجَرَالشَّحْذِيِّ حَتَّى مَتَى * تُسِنُّ الْحَدِيْدَ وَلاَ تَقْطَعُ

لِلْــــبَعْضِ

إِذَا الْمَرْءُ أَفْشَى سِرَّهُ بِلِسَانِهِ * وَلاَمَ عَلَيْهِ غَيْرَهُ فَهُوَ أَحْمَقُ
إِذَا ضَاقَ صَدْرُ الْمَرْءِ عَنْ نَفْسِهِ * فَصَدْرُ الَّذِي يُسْتَوْدَعُ السِّرُّ أَضْيَقُ

وَلِلْــــمُتَنَبِّي

وَكَمْ مِنْ عَائِبٍ قَوْلاً صَحِيْحاً * وَآفَتُهُ مِنَ الْفَهْمِ السَّقِيْمِ
وَلَكِنْ تُأْخَذُ الأَفْهَامُ مِنْهُ * عَلَى قَدْرِ الْقَرَائِحِ وَالْعُلُومِ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

٭

**بىر دانانىڭ سۆزى:**

بوۋاقنىڭ تۇغۇلغاندا ئالقىنىنى يۇمۇۋالغانلىقى ھاياتلىقتىكى ھېرىسمەنلىكنىڭ بېشارىتىدۇر. ئۆلەر ۋاقتىدا ئالقىنىنى ئېچىپ قويغانلىقى بولسا، «ئاگاھ بولۇڭلار، مەن دۇنيادىن ھېچ نەرسە ئالماي كەتتىم» دېگەنىنىڭ ئىشارىتىدۇر.

**بىر دانانىڭ سۆزى:**

سەن قانچە قېتىم توسۇسەن، ھالبۇكى، ئۆزۈڭ يانمايسەن (قانچە قېتىم) نەسىھەت قىلىسەنۇ، ئۆزۈڭ ئاڭلىمايسەن؟! ھەي، بىلەيتاش، سەن قاچانغىچە تۆمۈرلەرنى ئىتتىكلىتىپ (نىمىشقا) ئۆزۈڭ كەسمەيسەن؟!

**بىر دانانىڭ سۆزى:**

ئەگەر ئادەم ئۆزىنىڭ مەخپىيەتلىكىنى ئۆزى ئاشكارلاپ بولۇپ ئۇنى يېيىۋەتتى دەپ ئۆزگىلەرنى ئەيىبلىسە، ئۇ ئەخمەقتۇر. قەلبى ئۆزىنىڭ مەخپىيەتلىكىنى سىغدۇرالمىغانىكەن، مەخپىيەتلىك ئامانەت قويۇلغان قەلب ئۇنىڭدىنمۇ تارراقتۇر.

**مۇتەنەببىنىڭ سۆزى:**

توغرا سۆزنى ئەيىبلەيدىغان كىشلەر نۇرغۇنكى، ئۇنىڭغا (تەگكەن) ئاپەت كېسەل (خاتا) چۈشەنچىلەردىن كېلىپ چىققاندۇر. (ھەر كىم ھەر قاچان) توغرا سۆزلەردىن چۈشەنچىنى قابىلىيەت ۋە بىلىمگە يارىشا ئالىدۇ.

## لِلْــــبَعْضِ

صِنِ الْعِرْضَ وَابْذُلْ كُلَّ مَالٍ مَلَكْتَهُ * فَإِنَّ ابْتِذَالَ الْمَالِ لِلْعِرْضِ اَصْوَنُ
وَلاَ تُطْلِقَنْ مِنْكَ اللِّسَانَ بِسَوْءَةٍ * فَعِنْدَكَ عَوْرَاتٌ وَلِلنَّاسِ أَلْسُنُ

وَعَيْنُكَ إِنْ أَهْدَتْ إِلَيْكَ مُعَائِباً * لِقَوْمٍ فَقُلْ يَا عَيْنُ لِلنَّاسِ أَعْيُنُ

## لِغَيْــــرِهِ

قَبِيْحٌ مِنَ لْلأَنْسَانِ يَنْسَي عُيُوبَهُ * وَيَذْكُرُ عَيْبًا فِي أَخِيْهِ قَدْ اخْتَفَى
فَلَوْ كَانَ ذَا عَقْلٍ لَمَا عَابَ غَيْرَهُ * وَفِيْهِ عُيُوبٌ لَوْ رَآهَا بِهَا إِكْتَفَى

## لِلْــــبَعْضِ

غَيْرُ الْمَقُولِ عُيُوبُهُ كَالْوَاوِ مِنْ * عَمْرٍو يُرَى وَاللَّفْظُ مِنْهُ قَصِيْرُ
كَالنُّونِ مِنْ زَيْدٍ يُقَالُ مَدِيْحُهُ * بِاللَّفْظِ لَكِنْ لاَيَرَاهُ بَصِيْرُ

## لِلْــــبَعْضِ

لاَتَلُومَنَّ بِالسَّفَاهَةِ أَعْمَى * فَسُكُوتُ اللَّبِيْبِ مِنْهُ صَوَابُ
كَيْفَ تَرْجُو مِنَ الضَّرِيْرِ حَيَاءً * وَمَكَانُ الْحَيَاءِ مِنْهُ خَرَابُ

www.uyghurkitap.com

**بىر دانانىڭ سۆزى:**

سەن قولۇڭدىكى بارلىق ئىقتىسادنى سەرپ قىلىپ ئابرۇيىڭنى ساقلا، شۈبھىسىزكى، ئىقتىساد سەرپ قىلىش ئابرۇيىڭنى ناھايىتى ياخشى ساقلايدۇ. تىلىڭنى ناچار سۆزلەرگە قويۇۋەتمە. سېنىڭمۇ ئەيىبلىرىڭ بار. خەقلەرنىڭ تىلى بار. ئەگەر سېنىڭ كۆزۈڭ ساڭا كىشىلەرنىڭ ئەيىبلىرىنى كۆرسەتسە، «ھەي كۆز، خەقلەرنىڭمۇ كۆزى بار دېگىن.»

**بىر دانانىڭ سۆزى:**

ئىنساندىكى ئەڭ يامان ئىش ئۆزىنىڭ ئەيىبىنى ئۇنتۇپ قېلىش ۋە قېرىندىشىدىكى يېپىلىپ قالغان ئەيىبلەرنى تىلغا ئېلىپ يۈرۈشتۇر. ئەگەر ئىنسان ئەقىل ئىگىسى بولغان بولسا، (ئۆزىگە قارىسا) يېتەرلىك ئەيىبلىرى تۇرغان يەردە باشقىلارنى ئەيىبلىمىگەن بولاتتى.

**بىر دانانىڭ سۆزى:**

(ئەيىبى) دېيىلمىگەن كىشىلەرنىڭ ئەيىبلىرى خۇددى كۆرگىلى بولىدىغان، تەلەپپۇز قىلىنمايدىغان «ئەمرىن» نىڭ ۋاۋىسىغا① ئوخشاشتۇر. ئۇنىڭ مەدھىيىلىنىدىغان پەزىلەتلىرى تەلەپپۇزدا ئېيتىلىدىغان، لېكىن كۆزگە كۆرۈنمەيدىغان «زەيدىن» نىڭ «نۇن» ىغا② ئوخشاشتۇر.

**بىر دانانىڭ سۆزى:**

ئەمەللارنى دۆت دەپ ئەيىبلىمە. بۇ مەسىلىدە داناللارنىڭ سۆكۈت قىلىشى توغرىدۇر. سەن قارىغۇلاردىن ھايا كۈتمە، ئۇنىڭدىكى ھايانىڭ نۇرنى خارابتۇر.

---

① ② ئەرەب تىلىدا بۇ ئىككى سۆزنىڭ «ۋاۋ» ى «نۇن» لىرى بىر-بىرىنىڭ ئەكسىچە بىرى يېزىلىدۇ، ئوقۇلمايدۇ. بىرى ئوقۇلىدۇ، يېزىلمايدۇ. شائىر بۇنىڭغا بىر قىسىم كىشىلەرنىڭ دېگىلى بولمايدىغان ئەيىبلىرى بىلەن، ئەمەلىيەتتە ئۆزىدە مەۋجۇت بولمىغان مەدھىي- سۈپەتلىرىگە ئوخشاتقان.

## فِي الصَّبْرِ لِمَجْدِ الْمَلك

هِيَ شِدَّةٌ يَأْتِي الرَّخَاءُ عَقِيْبَهاَ * وَأَسىً يُبَشِّرُ بالسُّرُورِ الْعَاجِلِ
وَإِذَا نَظَرْتَ فَإِنَّ بُؤْساً زَائِلاً * لِلْمَرْءِ خَيْرٌ مِنْ نَعِيمٍ زَائِلِ

## لِأَبِي تَمَّامِ

إِذَا إِشْتَمَلَتْ عَلَى الْيَأْسِ الْقُلُوبُ * وَضَاقَ لماَ بِهِ الصَّدْرُ الرَّحِيْبُ
وَأَوْطَنَتِ الْمَكَارِهُ وَاطْمَأَنَّتْ * وَأَرْسَتْ فِي مَكَانِهاَ الْخُطُوبُ

فَلَمْ تَرَ لِإِنْكِشَافِ الضُّرِّ وَجْهاً * وَلاَ أَغْنَى بِحِيْلَتِهِ الْأَرِيْبُ
أَتَاكَ عَلَى قُنُوطٍ مِنْكَ غَوْثٌ * يَمُنُّ بِهِ اللَّطِيْفُ الْمُسْتَجِيْبُ

فَكُلُّ الْحَادِثَاتِ إِذَا تَنَاهَتْ * فَمَوْصُولٌ بِهَا فَرَجٌ قَرِيْبُ

## لِلْأَخَــــرِ

اَلدَّهْرُ لاَيَبْقَى عَلَى حَالَة * لَكِنَّهُ يُقْبِلُ اَوْ يُدْبِرُ
فَإِنْ تَلَقَّاكَ بِمَكْرُوهِهِ * فَاصْبِرْ فَاِنَّ الدَّهْرَ لاَ يَصْبِرُ

## لِلصَّفِيِّ الْحُلِّي

تَنَقَّلْ فَلَذَّاتُ الْهَوَى فِي التَّنَقُّلِ * وَرِدْ كُلَّ صَافٍ لاَ تَقِفْ عِنْدَ مَنْهَلِ

www.uyghurkitap.com

**مەجدۇلمەلىكنىڭ سەۋر ھەققىدىكى سۆزى:**

(ئۇ) ئارقىسىدىن شاد - خۇراملىق كېلىدىغان بىر قىيىنچىلىقتۇر. ھايالىشماي كېلىدىغان خۇشاللىقتىن خەۋەر بېرىدىغان بىر قايغۇدۇر. (ئۇبىدان) نەزەر سالساڭ ئىنسانغا نىسبەتەن ئۆتكۈنچى خاپىلىق ئۆتكۈنچى باياشاتلىقتىن ياخشىدۇر.

**ئەبۇ تەمماملىڭ سۆزى:**

قەلبىلەرنى ئۈمىدسىزلىك چۇلغىۋېلىپ، ئۈمىدسىزلىكتىن يۈرەكلەر سىقىلسا، كۆڭۈلسىز ئىشلار ئومۇملاشسا، ئۇ ئىشلارنىڭ بۇلۇڭ - پۇچقاقلىرىغا ھادىسىلەر مۇستەھكەم يوشۇرۇنسا، سەن زىيانلارنى كۆتۈرۈۋېتىش ئۈچۈن ھېچقانداق يولنى كۆرمىسەڭ، ئاقىللارنىڭ تەدبىرلىرىمۇ كارغا كەلمىسە (مۇشۇ چاغدا)، سەن ئۈمىدسىزلىنىپ تۇرغانىڭ ئۈستىگە، كۈيۈمچان ئىجابەت قىلغۇچى ئاتا قىلغان ياردەم (يېتىپ) كېلىدۇ. ھادىسىلەرنىڭ ھەممىسى چېكىگە يەتسە، ئارقىدىن ئۇزۇن ئۆتمەيلا كۆڭۈل ئازادىلىكى يېتىپ كېلىدۇ.

**بىر دانانىڭ سۆزى:**

دەۋر بىر خىل ھالەتتە تۇرمايدۇ. لېكىن ئۇ ئالدىنى قىلىدۇ ياكى ئارقىسىنى قىلىدۇ. ئەگەر ئۇ سېنى سەن ياقتۇرمايدىغان ئىشلارغا ئۇچراشتۇرسا، سەۋر قىل، دەۋر سەۋر قىلمايدۇ.

**سەفىيۇلھۇلىيىنىڭ سۆزى:**

كۆچۈپ تۇر. كۆڭۈل خاھىشىنىڭ لەززەتلىرى كۆچۈشتە. سۈزۈك سۇ ئىزدە، بىرلا قاينام (بۇلاق) قېشىدا توختاپ قالما.

فَفِي الْأَرْضِ أَحْبَابٌ وَفِيهَا مَنَازِلُ * فَلَا تَبْكِ مِنْ ذِكْرَى حَبِيبٍ وَمَنْزِلِ

وَلَا تَسْتَمِعْ قَوْلَ امْرِئِ الْقَيْسِ انَّهُ * مُضِلٌّ وَمَنْ ذَا يَهْتَدِي بِمُضَلِّلِ

لِلْـــبَعْضِ

لا يَصْبِرُ الْحُرُّ تَحْتَ ضَيْمٍ * وَإِنَّمَا يَصْبِرُ الْحِمَارُ

فَلَا تَقُولَنَّ لِيْ دِيَارٌ * لِلْمَرْءِ كُلُّ الْبِلَادِ دَارُ

أَبُو الْفَتْحِ الْبُسْتِي

لَئِنْ تَنَقَّلْتَ مِنْ دَارٍ إِلَى دَارٍ * وَصِرْتَ بَعْدَ ثَوْءٍ رَهْنَ أَسْفَارٍ

فَالْحُرُّ حُرٌّ عَزِيزُ النَّفْسِ حَيْثُ ثَوَى * وَالشَّمْسُ فِي كُلِّ بُرْجٍ ذَاتُ أَنْوَارِ

www.uyghurkitap.com
ئۇيغۇر كىتاب تورى

يەر شارىدا مەھبۇبلارمۇ، مەنزىلگاھلارمۇ بار. مەھبۇبنى ۋە مەنزىلنى ئەسلەپ يىغلىما، ئىمرۇل قەيىس① نىڭ سۆزىنى ئاڭلىما، ئۇ ئازدۇرغۇچىدۇر. قانداق كىشى ئازدۇرغۇچىغا ئەگىشىپ، توغرا يول تاپالىسۇن؟!

**بىر دانانىڭ سۆزى:**

ئەركىن ئادەملەر زۇلۇم ئاستىدا سەۋرچان بولالمايدۇ. زۇلۇمغا سەۋر قىلىدىغىنى پەقەت ئېشەك، مېنىڭ ئۆي ماكانىم بار ئىدى دېمە، ئىنسان ئۈچۈن يۇرت— ۋەتەننىڭ ھەممىسى ئۆي— ماكاندۇر.

**ئەبۇلفەتھىل بۇستىنىينىڭ سۆزى:**

ئەگەر بىر يۇرتتىن بىر يۇرۇتقا كۆچسىمۇ، (بىر يەرگە) ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، يەنە سەپەرنىڭ تۇتقۇنىغا ئايلانسىمۇ، ئەركىن ئادەم يەنىلا ئەركىن ئادەمدۇر. قەيەردە تۇرمىسۇن قىممەتلىكتۇر. قۇياش قايسى بۇرجىدا بولسۇن، نۇرلۇق بولغاندەك.

---

① ئىمرۇل قەيىس (540 - 500 ) جاھىلىيەت دەۋرىدە ئۆتكەن داڭلىق ئەدىب، شائىر. مەشھۇر كلاسسىك شېئىرلار توپلىمى — «سبع معلق» نىڭ مۇئەللىپلىرىنىڭ بىرى. ئۇ ئۆزىنىڭ ياشلىق، ئىشقىۋازلىق ھەققىدىكى شېئىرلىرى بىلەن جاھىلىيەت ئەرەب ئەدەبىياتىنىڭ پېشۋالىرىدىن سانالغان.)

## لِمَوْلاَنا التَّجلّي الْمُجَلّى

وَمَا كَانَ كُثْرٌ لِلَّئِيْمِ بِزائِنِ * كَمَا لَيْسَ قُلٌّ لِلْكَرِيْمِ بِعائِبِ
غِنَى الْقَلْبِ عِنْدَ الْعارِفِيْنَ هُوَ الْغِنَى * وَذَالِكَ كَنْزٌ فَوْقَهُ أَلْفُ راسِبِ

وَخَيْرُ الْوَرَى مَنْ كانَ يَنْفَعُ لِلْوَرَى * بِكَفِّ الْأَذَى عَنْهُمْ وَفَكِّ الْمَواهِبِ

## لِكَعْبِ ابْنِ زُهَيْرٍ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ

لَوْ كُنْتُ أَعْجَبُ مِنْ شَيْءٍ لَأَعْجَبَنِى * سَعْيُ الْفَتَى وَهُوَ مَخْبُوءٌ لَهُ الْقَدَرُ
يَسْعَى الْفَتَى لِأُمُورٍ لَيْسَ يُدْرِكُها * وَالنَّفْسُ واحِدَةٌ وَالْهَمُّ مُنْتَشِرُ
وَالْمَرْءُ ما عاشَ مَمْدُودٌ لَهُ أَمَلٌ * لاَ تَنْتَهِي الْعَيْنُ حَتَّى يَنْتَهِي الْأَثَرُ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

**پېشۋايىمىز تەجەللى مۇجەللىنىڭ سۆزى:**

پۇلدار بولۇش پەسەندىلەرگە زىننەت ئەمەستۇر. شۇنىڭدەك يوقسۇللۇق ياخشىلار ئۈچۈنمۇ ئەيىب ئەمەس. دانالارنىڭ قارىشىدا قەلبىنىڭ بايلىقى دانالارنىڭ قارىشىدا ھەقىقىي بايلىقتۇر. بۇ بايلىق بولسا ئۈستىدە نەچچە مىڭ تاغ بولغان كاندۇر. ئىنسانلارنىڭ ياخشىسى ئۆلاردىن ئازارلىقلارنى قايتۇرۇش ۋە ياخشىلىقلارنى قىلىش ئارقىلىق كىشىلەرگە مەنپەئەت يەتكۈزىدىغان كىشىلەردۇر.

**كەئىب ئىبنى زۇھەيرنىڭ سۆزى:**

ئەگەر مەن بىر نەرسىدىن ھەيران قالىدىغان بولسام، مىنى تەقدىرى مەخپىي (بىكىتىۋىتىلگەن) كىشىلەرنىڭ شاپاشلىشى ھەيران قالدۇرغان بولاتتى. كىشىلەر ئۆزى قولغا كەلتۈرەلمەيدىغان ئىشلار بىلەن ھەپىلىشىدۇ. ھالبۇكى، جان بىر، غەم كۆپتۇر. ئىنسان ھاياتلا بولىدىكەن، ئۇنىڭ ئارزۇسىنىڭ چېكى بولمايدۇ. قەدەم ئىزى توختىمىغىچە (ئادەم ئۆلمىگىچە) كۆز توختىمايدۇ. (يەنى كۆز تويمايدۇ).

# اَلْبَابُ الثَّانِى

## فِى الْمَدِيْحِ وَمَا يُنَاسِبُهُ مِنَ الْكَلَامِ فِى الْجُوْدِ

قَالَ بَعْضُ السُّعَدَاءِ فِى مَدْحِ النَّبِيِّ صَلَّى اللّٰهُ عَلَيْهِ وَسَلَّمَ

وَأَحْسَنَ مِنْكَ لَمْ تَرَ قَطُّ عَيْنٌ * وَأَجْمَلَ مِنْكَ لَمْ تَلِدِ النِّسَاءُ
خُلِقْتَ مُبَـــرَّ أً مِنْ كُلِّ عَيْبٍ * كَأَنَّكَ قَدْ خُلِقْتَ كَمَا تَشَاءُ

لِلصَّرْصَرِيِّ فِى مَدْحِهِ عَلَيْهِ السَّلَامُ

قَلِيْلٌ لِمَدْحِ الْمُصْطَفَى اَلْخَطُّ بِالذَّهَبِ * عَلَى وَرَقٍ مِنْ خَطٍّ أَحْسَنَ مَنْ كَتَبَ
وَأَنْ تَنْهَضَ الْأَشْرَافُ عِنْدَ سِمَاعِهِ * قِيَامًا صُفُوفًا اَوْ جِثِيًّا عَلَى الرُّكَبِ

لَمَّا أَتَى بِلَالٌ مِنْ بِلَادِ الْحَبَشَةِ إِلَى النَّبِيِّ عَلَيْهِ السَّلَامُ أَنْشَدَ بِلِسَانِ الْحَبَشَةِ

أَرَهْ بَرَهْ كَنْكَرَهْ، كَرَا كِرِىٌّ مَنْدَرَهْ

فَقَالَ عَلَيْهِ السَّلَامُ لِحَسَّانَ ابْنِ ثَابِتٍ ، إِجْعَلْ مَعْنَاهُ عَرَبِيًّا. فَقَالَ حَسَّانُ :

إِذَا الْمَكَارِمُ فِى اٰفَاقِنَا ذُكِرَتْ * فَإِنَّمَا بِكَ فِيْنَا يُضْرَبُ الْمَثَلُ

www.uyghurkitap.com

# 2. باب مەدھىيە، سېخىيلىق ۋە بېخىللىق ھەققىدە

ئۇلۇغلاردىن بىرسى پەيغەمبىرىمىزنى مەدھىيىلەپ مۇنداق دېدى:

سەندىن ئېسىلنى كۆرگەن ئەمەس كۆز،
تۇغۇلماس ئىنسان سەندىن گۈزەلرەك.
ھېچبىر ئەيىبسىز تۆرەلدىڭ ساپساق،
خالىغىنىڭچە (كەتمەس تۈزەتمەك).

سەرسەرىنىڭ پەيغەمبىرىمىزنى مەدھىيىلەپ يازغان سۆزى: مۇستاپانى مەدھىيىلەش ئۈچۈن ئەگەر ئىبىل خەت يازىدىغان كىشى كۆمۈش قەغەزگە ئالتۇن ھەل بىلەن خەت يازسىمۇ ئازلىق قىلىدۇ. ئۇلۇغلارنىڭ ئۇ پەيغەمبىرىمىزنىڭ مەدھىيىسىنى ئاڭلىغان ۋاقىتلاردا، سەپ-سەپ بولغان ھالدا ياكى تىزلانغان ھالدا تۇرۇشى (ئازلىق قىلىدۇ).

بىلال ھەبەشىستاندىن پەيغەمبىرىمىزنىڭ يېنىغا كەلگەندە ھەبەش تىلىدا مۇنداق شېئىر ئوقۇدى:

«ئەرەھ بەرەھ كەنكەرەھ،»
«كەراكىرى مەندەرەھ.»

پەيغەمبىرىمىز ھەسسان ئىبىن سابىتقا «ئۇنىڭ مەنىسىنى ئەرەبچىگە ئايلاندۇر» دېۋىدى، ھەسسان ئىبنى سابىت مۇنداق دېدى:

ئەگەر بىزلەر تەرەپتە ياخشى ئىشلار، گۈزەل ئەخلاق تىلىغا ئېلىنسا، بىزنىڭ ئىچىمىزدە سېنى ئۈلگە قىلىپ كۆرسىتىلىدۇ.

## لِحَسَّانَ فِي الصِّدِّيقِ الأَكْبَرِ رَضِيَ اللهُ عَنْهُ

وَثَانِي اثْنَيْنِ فِي الْغَارِ الْمُنِيْفِ وَقَدْ * طَافَ الْعَدُوُّ بِهِ اذْ صَاعَدَ الْجَبَلاَ
وَكَانَ حِبَّ رَسُولِ اللهِ قَدْ عَلِمُوا * مِنَ الْبَرِيَّةِ لَمْ يَعْدِلْ بِهِ رَجُلاً

## لِأَعْرَابِيٍّ قَالَهُ فِي نُعْمَانَ ابْنِ مُنْذِرٍ

لَهُ يَوْمُ بُؤْسٍ فِيْهِ لِلنَّاسِ أَبْؤُسُ * وَيَوْمُ نَعِيْمٍ فِيْهِ لِلنَّاسِ أَنْعُمُ
فَيَمْطِرُ يَوْمَ الْجُودِ مِنْ كَفِّهِ النَّدَى * وَيُمْطِرُ يَوْمَ الْبُؤْسِ مِنْ كَفِّهِ الدَّمُ

فَلَوْ أَنَّ يَوْمَ الْبُؤْسِ فَرَّغَ كَفَّهُ * لِبَذْلِ النَّدَى لَمْ يَبْقَ فِي الْأَرْضِ مُعْدِمُ
وَلَوْ أَنَّ يَوْمَ الْجُوْدِ لَمْ يَثْنِ كَفَّهُ * عَنِ الْبَأْسِ لَمْ يُصْبِحْ عَلَى الْأَرْضِ مُجْرِمُ

## لِفَتَاةٍ مِنَ الْعَرَبِ فِي مَعْنِ بْنِ زَائِدَةَ

وَمِنْ جُوْدِهِ يَرْمِي الْعِدَاةَ بِأَسْهُمٍ * مِنَ الذَّهَبِ الْإِبْرِيْزِ صِيْغَتْ نِصَالُهَا
لِيُنْفِقَهَا الْمَجْرُوحُ عِنْدَ إِنْقِطَاعِهِ * وَيَشْتَرِيَ الْأَكْفَانَ مِنْهَا قَتِيْلُهَا

## لِمِهْيَارِ الدَّيْلَمِيِّ

ضَرَبُوا بِمَدْرَجَةِ الطَّرِيْقِ قِبَابَهُمْ * يَتَقَارَعُونَ عَلَى قِرَى الضِّيْفَانِ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**ھەسسان ئىبنى سابىتنىڭ ئەبۇ بەكرى سىددىق ھەققىدىكى سۆزى:**

(ئۇ) دۈشمەنلەر ئايلىنىپ يۈرگەن چاغدىكى ئېگىز تاغ غارىدا تۇرغان ئىككى كىشىنىڭ بىرىدۇر. يەنى ئۇ رەسۇلۇللاھنىڭ ياخشى كۆرگەن كىشىسىدۇر. ھەممىگە ئايانكى رەسۇلۇللاھ يەر شارىدا ھېچكىمنى ئۇنىڭغا تەڭ قىلمىغان.

**بىر ئەرەبنىڭ ئوئمان ئىبنى مۇنزىر ھەققىدە ئېيتقانلىرى:**

ئۇنىڭ خاپا بولىدىغان بىر كۈنى بار، (ئۇ كۈندە) كىشىلەرگە كۆپلىگەن خاپىلىقلار يېتىدۇ. ئۇنىڭ ياخشىلىق قىلىدىغان بىر كۈنى بار، (ئۇ كۈندە) كىشىلەر نۇرغۇن ياخشىلىقلارغا ئېرىشىدۇ. ئۇنىڭ سېخىيلىقى تۇتقان كۈنى ئالىقىنىدىن ئىنئام ياغسا، خاپىلىق كۈنى ئۇنىڭ ئالىقىنىدىن قان تامىدۇ. ئەگەر ئۇ خاپا بولىدىغان كۈندىمۇ ئىنئام ئۈچۈن ئالىقىنىنى ئاچقان بولسا، يەر شارىدا بىرمۇ يوقسۇل قالمىغان بولاتتى. ئەگەر ياخشىلىق قىلىدىغان كۈنى دەھشەتلىك ئىشلاردىن قولىنى يىغمىغان بولسا، يەر شارىدا بىرمۇ گۇناھكار قالمىغان بولاتتى.

**بىر ئەرەب قىزنىڭ مەئىن زائىدە ھەققىدە ئېيتقان سۆزى:**

ئۇ ئۆزىنىڭ سېخىيلىقىدىن دۈشمەنلەرنى ساپ ئالتۇندىن قۇيۇلغان ئوقلار بىلەن ئاتىدۇ. (مۇنداق قىلىشتىكى مەقسىتى) يارىلانغانلارنىڭ تىرىكچىلىك يولى ئۈزۈلۈپ قالغان چاغدا ئىشلىتىشى، ئۆلگەنلەرنىڭ ئۇ ئوقتا كېپەنلىك سېتىۋېلىشى ئۈچۈندۇر.

**مېھيار ئەددەيلەمىنىڭ سۆزى:**

ئۇلار مېھمانلارنى كۈتۈۋالىمىز، دەپ چەك تاشلىشىپ، يولنىڭ ئوتتۇرىسىغا چېدىر تىكىشىدۇ.

وَيَكَادُ مُوقِدُهُمْ يَجُودُ بِنَفْسِهِ * حُبَّ الْقِرَى حَطَباً عَلَى النِّيرَانِ

وَلِلْآخَــــــرِ

وَمِنْ عَجَبٍ انَّ الصَّوَارِمَ وَالْقَنَا * تَحِيضُ بِأَيْدِى الْقَوْمِ وَهِيَ ذُكُورُ

وَأَعْجَبُ مِنْ ذَا انَّهَا فِي اَكُفِّهِمْ * تَاَجَّجُ نَاراً وَالاَ كُفُّ بُحُورُ

لِلْبَعْضِ فِي جُودِ الْعَجَمِ

مَا سَمَّتِ الْعَجَمُ الْمِهْمَانَ مِهْمَانَا * الاَّ لاِكْرَامِ ضَيْفٍ كَانَ مَاكَانَ

فَالْمِهُ سَيِّدُهُمْ وَالْمَانُ مَنْزِلُهُمْ * وَالضَّيْفُ سَيِّدُهُمْ مَا لاَزَمَ الْمَانَا

فِي الْبُخْلِ لِلْمُسْتَنْجِدِ

وَبَاخِلٍ اَشْعَلَ فِي بَيْتِهِ * تَكْرِمَةً مِنْهُ لَنَا شَمْعَةً

فَمَا جَرَتْ مِنْ عَيْنِهَا دَمْعَةٌ * حَتَّى جَرَتْ مِنْ عَيْنِهِ دَمْعَةُ

لِلْبَعْــــضِ

رَأَى الضَّيْفَ مَكْتُوباً عَلَى بَابِ دَارِهِ * فَصَحَّفَهُ ضَيْفاً فَقَامَ اِلَى السَّيْفِ

فَقُلْنَا لَهُ خَيْراً فَظَنَّ بِأَنَّنَا * نَقُولُ لَهُ خُبْزاً فَمَاتَ مِنَ الْخَوْفِ

www.uyghurkitap.com

ئۇلارنىڭ ئۇچاقتا ئوت قالىغۇچىلىرىمۇ مېھماندارچىلىق قىلىشنى ياخشى كۆرگەنلىكتىن ئۆزىنى ئوتقا ئوتۇن قىلىپ قالىۋەتكىلى ئارانلا قالىدۇ.

**بىر دانانىڭ سۆزى:**

ھەيران قالارلىق بىر ئىشكى، قىلىچ ۋە نەيزىلەر ئەركەك تۇرۇپمۇ بۇ كىشىلەرنىڭ قولىدا ھەيز كۆرىدۇ. ئۇنىڭدىنمۇ ھەيران قالارلىقى شۇكى، قىلىچ، نەيزىلەر ئۇلارنىڭ ئالىقانلىرى (سېخىيلىقتا) دېڭىزدەك تۇرسىمۇ ئوت چاچرىتىدۇ.

**بىر دانانىڭ تۈركلەرنىڭ مېھماندوستلۇقى ھەققىدە ئېيتقان سۆزى:**

تۈركلەرنىڭ مېھمانلارنى مېھمان دېيىشى مېھمانلارنى قاتتىق ئىكرام قىلغانلىقىدىندۇر. «مېھ» ـ ئۇلارنىڭ خوجىسى. «مان» ئۇلارنىڭ تۇرالغۇسى. (دېمەك) مېھمان ئۇلارنىڭ ئۆيىدىن ئايرىلمىسىلا ئۇلارنىڭ خوجىسىدۇر.

**مۇستەنجىدنىڭ بېخىللىق ھەققىدىكى سۆزى:**

شۇنداق بىر بېخىل باركى، ئۇ بىزنى ھۆرمەتلەش يۈزىسىدىن ئۆيىدە شام ياندۇردى. شامنىڭ كۆزىدىن ياش ئاقا ـ ئاقمايلا ئۇنىڭ كۆزلىرىدىن ياش ئېقىشقا باشلىدى.

**بىر شائىرنىڭ سۆزى:**

ئۇ ھويلىنىڭ ئىشىكىگە يېزىلغان «ياز»① دېگەن خەتنى كۆرۈپ، ئۇ خەتنى «مېھمان»② دەپ خاتا ئوقۇدى ـ دە، قىلىچىغا تەمشەلدى. بىز ئۇنىڭغا «ياخشىلىق» ③ (تىلەيمىز) دېۋىدۇق، ئۇ بىزنى «نان»④ (تىلەيمىز) دەۋاتىدۇ، دەپ قورقۇنچتىن ئۆلدى.

---

① ② ③④ ئەرەب تىلىدا «ياز» پەسلى، «مېھمان»، «ياخشىلىق» ۋە «نان» دېگەن خەتلەرنىڭ يېزىلىشى ۋە ئوقۇلۇشى جەھەتتە كۆپ تەرەپلەردە بىر ـ بىرىگە ئوخشىشىپ كېتىدۇ.

## لابْنِ الْجَوْزِىّ

مَاتَ الْكِرَامُ وَوَلَّوْا وَانْقَضَوا وَمَضَوْا * وَمَاتَ مِنْ بَعْدِهِمْ تِلْكَ الْكَرَامَاتُ
وَخَلَّفُونِىَ فِى قَوْمٍ ذَوِى بُخْلٍ * لَوْ أَبْصَرُوا طَيْفَ ضَيْفٍ فِى الْكَرَى مَاتُوا

## اَهْجَى بَيْتٍ قَالَتْهُ الْعَرَبُ قَوْلُ الْاَخْطَلِ

قَوْمٌ إِذَا اسْتَنْبَحَ الْاَضْيَافُ كَلْبَهُمِ * قَالُوا لِأُمِّهِمِ بُولِى عَلَى النَّارِ
فَضَيَّقَتْ فَرْجَهَا بُخْلاً بِبَوْلَتِهَا * فَلاَ تَبُولُ لَهَا اِلاَّ بِمِقْدَارِ

## لِمُحَمَّدِ ابْنِ اَسْعَدَ فِى سُلْطَانِ صَلاَحِ الدِّيْنِ

أَتَرَى مَنَاماً مَا بِعَيْنِىَ أُبْصِرُ * اَلْقُدْسُ يُفْتَحُ وَالنَّصَارَى تُكْسَرُ
وَقُمَامَةٌ قُمَّتْ مِنَ الرِّجْسِ الَّذِى * بِزَوَالِهِ وَزَوَالِهَا يَتَطَهَّرُ

وَمَلِيْكُهُمْ فِى الْقَيْدِ مَصْفُودٌ وَلَمْ * يُرَ قَبْلَ ذَاكَ لَهُمْ مَلِيْكٌ يُوْسَرُ

قَدْ جَاءَ نَصْرُ اللهِ وَالْفَتْحُ الَّذِى * وُعِدَ الرَّسُولُ فَسَبِّحُوا وَاسْتَغْفِرُوا
يَا يُوسُفُ الصِّدِّيْقُ أَنْتَ لِفَتْحِهَا * فَارُوقُهَا عُمَرُ الإِمَامُ الْاَطْهَرُ

**ئىبنى جەۋزىنىڭ سۆزى:**

ئۇلۇغلار ئۆلۈپ كەتتى ، كېتىپ قالدى توگىدى، دۇنيادىن ئۆتتى . ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن ئاشۇ مەردلىكلەرمۇ كېتىپ قالدى . ئۇلار مېنى شۇنداق پەخسىق ئادەملەرنىڭ ئارىسىدا قالدۇرۇپ كەتتىكى ، ئەگەر ئۇلار چۈشىدە مېھمانىنىڭ سىماسىنى كۆرسىمۇ ئۆلۈپ قالىدۇ !

**ئەختەلنىڭ ئەرەبلەرنىڭ تارىخىدىكى ئەڭ ھەجۋى سۆزى:**

ئۇلار شۇنداق بىر كىشلەركى ، مېھمانلار ئۇلارنىڭ ئىتلىرىنى قاۋاتسا (يەنى مېھمانلار ئۇلارنىڭ ئۆيىگە كەلگەندە ئىتلىرىنىڭ قاۋىغان ئاۋازىنى ئاڭلىسا،) ئانىلىرىغا ئوتقا سىيىۋەتكىن دېيىشىدۇ . سۈيدۈككىمۇ بېخىللىق قىلغانلىقتىن ئۇلارنىڭ ئانىلىرى قىسىپ تۇرۇپ ، ئوتقا پەقەت ئۆلچەم بىلەنلا سىيىپ بېرىدۇ .

**مۇھەممەت ئىبنى سەئىدنىڭ سۇلتان سالاھىددىن ھەققىدە ئېيتقان سۆزى:**

مەن ئۆز كۆزۈم بىلەن كۆرگەن نەرسىنى سەن چۈشۈڭدە كۆردۇق دەپ قاراۋاتامسەن؟ قۇددۇس پەتھى قىلىنىۋاتىدۇ . ناسارالار مەغلۇپ قىلىنىۋاتىدۇ . چېركاۋ نىجاسەتتىن (بۇتتىن) تازىلاندى. بۇ ئىككىسىنىڭ يوقۇلۇشى بىلەن قۇددۇس پاكلىنىدۇ. ئۇلارنىڭ پادىشاھى كىشەنلەندى . بۇنىڭدىن بۇرۇن ، ئۇلارنىڭ ھېچقانداق پادىشاھىنىڭ ئەسىر ئېلىنغانلىقى كۆرۈلگەن ئەمەس . ئەللاھنىڭ ياردىمى ۋە رەسۇلۇللاھقا ۋەدە قىلىنغان ئازادلىق يېتىپ كەلدى :

تەسبىھ ۋە تەشەككۇر ئېيتىڭلار ، «ئى ، راستچىل يۇسۇپ ، سەن قۇددۇسنى پەتھى قىلىشقا (لايىق كىشىسەن) سەن قۇددۇسنىڭ فارۇقى ، پاك يېتەكچى ئۆمەرسەن.①

---

① ئۆمەر فارۇق كۆزدە تۇتۇلىدۇ . بۇ شېئىردا سالاھىددىن ئۆمەرگە ئوخشىتىلغان .

## لأبي تمام في المُعْتَضد بالله

الى قُطُب الدُّنْيا الّذى لَوْ بفَضْله * مَدحْتُ بَنى الدُّنْيا كَفتْهُمْ فَضائلُهُ
مَنِ الْبَأْسُ وَالْمَعْرُوْفُ وَالْجُودُ وَالتُّقى * عَيالٌ عَلَيْهِ رِزْقُهُنَّ شَمائلُهُ

هُوَ الْبَحْرُ منْ أَىِّ النَّوَاحى أَتَيْتَهُ * فَلُجَّتُهُ الْمَعْرُوفُ وَالْجُودُ ساحلُهُ
تَعَوَّدَ بَسْطَ الْكَفِّ حَتَّى لَوْ انَّهُ * ثَناهَا لِقَبْضٍ لَمْ تُطعْهُ أَناملُهُ

وَلَوْ لَمْ يَكُنْ فِى كَفِّه غَيْرُنَفْسهِ * لَجادَ بِهاَ فَلْيَتَّقِ اللهَ آملُهُ

قَالَ بَشّار" ماَ منْ شعْرٍ تَقُولُهُ إمْرَأَةٌ الاَّ وَفيْه سمَةُ الْأُنوثَة قيْلَ لَهُ فَماَ تَقُولُ فِى الْخَنْساءَ قَالَ لاَ تلْكَ لَها ارْبعُ خُصًى وَلَها فِى أَخيْهِ صَخْر"

وَماَ بَلَغتْ كَفُّ إمْرِءٍ مُتَناوِلٍ * منَ الْمَجْد الاَّ كَانَ ماَ نلْتَ أَطْوَلُ
وَلاَ بَلَغَ الْمُهْدُونَ فِى الْقَوْلِ مِدْحَةً * وَإِنْ أَكْثَرُوا الاَّ وَماَ فيْكَ أَفْضَلُ

وَقِيْلَ لِجَرِيْرٍ مَنْ أَشْعَرُالنّاسِ فَقَالَ لَوْ لاَ هَذه العَاهِرَةُ يَعْنى الْخَنْساءَ فَقِيْلَ بِمَ فَضَّلْتَكَ فَقاَلَ لِقَوْلها

إنَّ الزَّمَانَ وَماَ يَفْنى عَجايَبُهُ * اَبْقَى لَناَ ذَنْباً وَاستُوصلَ الرَّأْسُ
أَبْقَى لَناَ كُلَّ مَكْرُوْهٍ وَفَجَّعَنا * بِالْأَكْرَمِيْنَ فَهُمْ هَامٌ وَارْماَسُ

**ئەبۇ تەممامنىڭ مۇئتەزىد بىللاھ ھەققىدە يازغان سۆزى:**

سالام، دۇنيانىڭ قۇتۇپ يۇلتۇزىغا. ئەگەر ئۇنىڭ پەزىلەتلىرى بىلەن پۈتكۈل ئىنسانلارنى ماختىسام، ئۇنىڭ پەزىلەتلىرى (ئىنسانلارنى ماختاشقا) يېتىدۇ. كۈچ-قۇۋۋەت، ياخشى ئىش، سېخىيلىق ۋە تەقۋادارلىق ئۇنىڭ بالا- چاقىلىرىدۇر. ئۇلارنىڭ رىزقى ئۇ كىشىنىڭ ياخشى خىسلەتلىرىدۇر. ئۇ بىر دېڭىزدۇر. ئۇنىڭغا قايسى تەرەپتىن كەلسەڭ ئۇنىڭ دولقۇنى ياخشىلىقتۇر. ئۇنىڭ ساھىلى سېخىيلىقتۇر. ئۇ ئالقىنىنى ئوچۇق قويۇپ ئادەتلەنگەن. ھەتتاكى ئۇ ئالقىنىنى يۇمۇۋېلىش ئۈچۈن ئەگسە بارماقلىرى ئۇنىڭغا بوي سۇنمايدۇ. ئەگەر ئۇنىڭ ئالقىنىدا جېنىدىن باشقا نەرسە بولمىسا، ئۇنىمۇ سېخىيلىق بىلەن بېرىۋەتكەن بولاتتى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئۇنىڭدىن تەمە قىلغانلار ئەللاھدىن قورقسۇن.

ئاتاقلىق شائىر بەششار ھەرقانداق ئايالنىڭ شېئىردا ئاياللىق ئىپادىسى (ئاجىزلىق) بولىدۇ، دېگەندە كىشىلەر خەنسا ھەققىدە نېمە دەيسەن؟ دېيىشىپتۇ. ئۇ ياق. خەنسانىڭ شېئىر جەھەتتە ئىككى ئەرنىڭكىدەك تالانتى بار، دېگەنىكەن.

**بۇ ئايالنىڭ بىر قېرىندىشى ھەققىدىكى سۆزى:**

شان - شەرەپكە ئېرىشكەن ئىنسانلارنىڭ قولى ئۇلۇغلۇقتىن نەگە يەتكەن بولمىسۇن، سەن يەتكەن نەرسە (ھەر قاچان) ئۇزۇندۇر. سۆزلىرىدە مەدھىيە بىلەن نەتىجە ياراتقانلار ھەر قانچە كۆپ سۆزلىگەن، خېلى ئېسىل مەدھىيە ئىبارىلىرىنى تىزغان بولسىمۇ، ئەمما پەقەت سەندىكى پەزىلەت ھەممىدىن ئەۋزەلدۇر.

جەرىرگە كىشىلەر ئىچىدىكى ئەڭ ئۇستا شائىر كىم؟ دېگەندە، ئۇ بۇزۇق (خەنسا) بولمىسا، ئەڭ ئۇستىسى مەن، دېدى. ئۇ نېمىسى بىلەن سەندىن ئارتۇق تۇرغان؟ دېيىلگەندە، ئۇ ئۆزىنىڭ بۇ سۆزى بىلەن (مەندىن ئارتۇق تۇرىدۇ) دېگەن:

زامان، ئۇنىڭ ئاجايىپ - غارايىپلىرى تۈگىمەيدۇ. ئۇ قۇبۇرۇقىنى قالدۇرۇپ، باشنى يۇلۇۋالىدۇ. بىزگە بىز پەقەت ياقتۇرمايدىغانلارنى قالدۇرۇپ قويۇپ، ئۇلۇغلارنى (ئېلىپ كېتىش) ئارقىلىق بىزنى ئەنسىزلىككە سالىدۇ. ئۇلۇغلار ھازىر بىر دۆۋە ئۇستىخان ۋە توپىدۇر.

إنَّ الْجَدِيْدَيْنِ فِى طَوْرِ إخْتِلاَفِهِمَا * لاَ يُفْسِدَانِ وَلَكِنْ يُفْسِدُ النَّاسُ

## لِأبِى الْعَتَاهِيَّةِ فِى الْمَهْدِىِّ

أَتَتْهُ الْخِلاَفَةُ مُنْقَادَةً * إِلَيْهِ تُجَرْجِرُ أَذْيَالَهَا
فَلَمْ تَكُ تَصْلُحُ إلاَّ لَهُ * وَلَمْ يَكُ يَصْلُحُ إلاَّ لَهَا
وَلَوْ رَامَهَا أَحَدٌ غَيْرُهُ * لَزُلْزِلَتِ الْأَرْضُ زِلْزَالَهَا

## لِلْمُتَنَبِّى فِى سَيْفِ الدَّوْلَةِ

وَقَفْتَ وَمَا فِى الْمَوْتِ شَكٌّ لِوَاقِفٍ * كَأَنَّكَ فِى جَفْنِ الرَّدَى وَهُوَ نَائِمُ
تَمُرُّ بِكَ الْأَبْطَالُ كَلْمَى هَزِيْمَةً * وَوَجْهُكَ وَضَّاحٌ وَثَغْرُكَ بَاسِمُ

تَجَاوَزْتَ مِقْدَارَ الشَّجَاعَةِ وَالنُّهَى * إِلَى قَوْلِ قَوْمٍ أَنْتَ بِالْغَيْبِ عَالِمُ
ضَمَمْتَ جَنَاحَيْهِمْ عَلَى الْقَلْبِ ضَمَّةً * تَمُوتُ الْخَوَافِى تَحْتَهَا وَالْقَوَادِمُ

بِضَرْبٍ أَتَى الْهَامَاتِ وَالنَّصْرُ غَائِبُ * وَصَارَ اِلَى اللَّبَّاتِ وَالنَّصْرُ قَادِمُ
اَلاَ أَيُّهَا السَّيْفُ الَّذِى لَسْتَ مُغْمَدًا * وَلاَ فِيْكَ مُرْتَابٌ وَلاَ مِنْكَ عَاصِمُ

هَنِيْئًا لِضَرْبِ الْهَامِ وَالْمَجْدِ وَالْعُلَى * وَرَاجِيْكَ وَالْإِسْلاَمِ إِنَّكَ سَالِمُ

www.uyghurkitap.com

شۈبھىسىزكى، كىچىچە بىلەن كۈندۈز ئۆزئارا ئالمىشىش جەريانى بۇزۇلمايدۇ. لېكىن، ئىنسانلار بۇزىدۇ.

**ئەبۇل ئەتاھىيەنىڭ مەھدى ھەققىدىكى سۆزى:**

(مەھدىگە) خەلىپىلىك ئۆزلۈكىدىن ئېتەكلىرىنى سۆرەپ كەلدى. خەلىپىلىك ئۇنىڭغىلا ماس ئىدى. ئۇمۇ پەقەت خەلىپىلىككە ماس ئىدى. ئەگەر خەلىپىلىكنى ئۇنىڭدىن باشقا بىرسى مەقسەت قىلغان بولسا، يەر - زېمىن لەرزىگە كەلگەن بولاتتى.

**مۇتەنەببىنىڭ سەيفۇددەۋلە ھەققىدىكى سۆزى:**

سەن توختىدىڭ، ھالبۇكى توختىغان كىشىنىڭ ئۆلۈشىدە شەك يوق. سېنىڭ بۇ تۇرقۇڭ خۇددى ئۇخلاۋاتقان ھالاكەتنىڭ كىرپىكىدە (تۇرغانغا) غا ئوخشايتتى. باھادىرلار قېشىڭدىن يارىلانغان، مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىغان ھالەتتە ئۆتەتتى. سېنىڭ يۈزۈڭ بولسا (ھامان) نۇرلانغان، چېھرىڭ تەبەسسۇم قىلغان ھالدا ئىدى. باھادىرلىق ۋە ئاقىلانىلىكنىڭ رېكورتىنى بۇزدۇڭ، كىشىلەرنىڭ دېيىشىچە، سەندە باھادىرلىقتا ئالاھىدە بەلگىلەر بار ئىكەن. (ئارمىيەنىڭ) ئىككى قانىتىنى قەلبىكە قوشتۇڭ، بۇ قوشۇش بىلەن قانات ۋە قاناتنىڭ ئالدىنقى قىسمى رەئىس قىسمىغا كەلگەن زەربە بىلەن ئۆلىدۇ، (بۇيەردە سەيفۇددەۋلەت تەرىپىدىن ئىستراتېگىيىلىك ئورۇنلاشتۇرۇلغان بىر قوشۇن كۆزدە تۇتۇلىدۇ.) دۈشمەنىنىڭ چوققىلىرى (باشلىرىغا) ئۇردۇڭ. نۇسرەت تېغى غايىپتۇر. ئۇ نۇسرەت زەربىلەر كۆكرەكلىرگە تەگكەندە كېلىدۇ. ئى، قېنىندىن سۇغۇرۇلغان قىلىچ! ئاگاھ بولغىنىكى، سېنىڭ ھەققىڭدە گۇمان قىلغۇچىمۇ ۋە سەندىن قۇتۇلۇپ قالغۇچىمۇ يوق. (دۈشمەنگە زەربە بېرىشكە) باشلارغا ئورۇشقا ئۇلۇغلۇقتا، ئالىيلىقتا ۋە سەندىن ئۈمىدۋار بولغۇچىغا، ئىسلامغا مۇبارەككى، سەن سالامەت دۇرسەن.

## لأبي بكر ابن عمّار في المعتضد بالله

اَلسَّيْفُ اَفْصَحُ مِنْ زِيَادٍ خُطْبَةً * فِي الْحَرْبِ إِنْ كَانَتْ يَمِيْنُكَ مِنْبَراً
أَثْمَرْتَ رُمْحَكَ مِنْ رُؤُسِ كُمَاتِهِمْ * لَمَّا رَأَيْتَ الْغُصْنَ يُعْشَقُ مُثْمِراً

وَصَبَغْتَ دِرْعَكَ مِنْ دِمَاءِ مُلُوكِهِمْ * لَمَّا عَلِمْتَ الْحُسْنَ يَلْبِسُ أَحْمَرَاً
مَنْ ذَا يُنَافِحُنِي وَذِكْرُكَ صَنْدَلٌ * أَوْرَدْتُهُ مِنْ نَارِ فِكْرِي مِـــجْمَرَاً

## لابْنِ الرُّمِيِّ

آرَاؤُكُمْ وَوُجُوهُكُمْ وَسُيُوفُكُمْ * فِي الْحَادِثَاتِ إِذَا دَجَوْنَ نُجُومُ
مِنْهَا مَعَالِمُ لِلْهُدَى وَمَصَابِيحُ * تَجْلُو الدُّجَى وَالْأُخْرَيَاتُ رُجُومُ

## لأَبِي حَوْثَةَ

قَوْمٌ إِذَا اِقْتَحَمُوا الْعَجَاجَ رَأَيْتَهُمْ * أُسُداً وَخِلْتَ وُجُوهَهُمْ أَقْمَاراً
لاَ يَعْدِلُونَ بِرِفْدِهِمْ عَنْ سَائِلٍ * عَدَلَ الزَّمَانُ إِلَيْهِمْ اَوْجَاراً

وَإِذَا الصَّرِيْخُ دَعَاهُمْ لِمُلِمَّةٍ * بَذَلُوا النُّفُوسَ وَفَارَقُوا الْأَعْمَارَا
وَإِذَا زِنَادُ الْحَرْبِ أَخْمَدَ نَارَهَا * قَدَحُوا بِأَطْرَافِ الْأَسِنَّةِ نَارَا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**ئەبۇ بەكرى ئىبنى ئەممارنىڭ مۇئتەزىد بىللاھ ھەققىدە يازغان سۆزى:**

جەڭدە قىلىچ - سېنىڭ ئۇڭ قولۇڭ ئۇنىڭغا مۇنبەر بولسا- زىيادنىڭ نۇتۇقلىرىدىنمۇ پاساھەتلىكرەكتۇر. سەن شاخلارنىڭ مېۋىلەشكەن ۋاقتىدا (باشقىلارنىڭ) ئۇنىڭغا ئاشىق بولىدىغانلىقىنى كۆرۈپ، سېنىڭ نەيزەڭ دۈشمەن باتۇرلىرىنىڭ بېشىدىن مېۋە قىلىپ بەردىڭ. سەن گۈزەللەرنىڭ قىزىل كىيىم كىيىدىغانلىقىنى بىلگىنىڭدە، ساۋۇت - دۇبۇلغاڭنى ئۇلارنىڭ پادىشاھلىرىنىڭ قېنىدا بويىدىڭ، سېنىڭ ئارچا ياغىچىدەك نامىڭنى مېنىڭ پىكىرىمنىڭ يالقۇنىدىن ئىبارەت ئىسرىقدانىغا سالغان تۇرسام، كىم مەن بىلەن خۇش پۇراقلىقتا بەسلىشەلىسۇن؟

**ئىبنى رۇمىنىڭ سۆزى:**

سىلەرنىڭ پىكرىڭلار، يۈزلىرىڭلار، قىلىچىڭلار ھادىسە بولۇپ ئەتراپ ھادىسە زۇلمىتى بىلەن قاراڭغۇلاشقاندا يۇلتۇزغا ئوخشاشتۇر. بۇ يۇلتۇزلار ئىچىدە ھىدايەتنىڭ بەلگىلىرى، قاراڭغۇلۇقنى يورىتىدىغان چىراغلار بار. قالغانلىرى (يارىماس پەسەندىلەرنى) قوغلىغۇچىدۇر.

**ئەبۇ ھەۋسەنىڭ سۆزى:**

ئۇلار شۇنداق كىشىلەردۇركى، ئۇرۇش تۇمانلىرى ئىچىگە كىرسە، سەن ئۇلارنى يولۋاس سۈپىتىدە كۆرىسەن. ئۇلارنىڭ يۈزلىرىنى ئاي دەپ تەسەۋۋۇر قىلىسەن. ئۇلار مەيلى زامان ئۇلارغا ئادالەتپەرۋەر بولسۇن ياكى زۇلۇم قىلسۇن، بىر نەرسە سورىغۇچىدىن ئۆزلىرىنىڭ خەير- ئېھسانلىرىنى ئايىمايدۇ. ئەگەر بىر ئامالسىز قالغۇچى ئۇلارنى بىرەر ھادىسىدە ياردەمگە چاقىرسا، ئۇلار جانلىرىنى پىدا قىلىپ ھاياتىدىن ئايرىلىدۇ. ئەگەر جەڭ چاقماقلىرى ئوتلىرىنى ئۆچۈرۈۋالسا، ئۇلار نەيزىلىرىنىڭ ئۇچى بىلەن ئوت ياندۇرىدۇ.

## لِلنَّابِغَة

إِذَا مَا غَزَوْا بِالْجَيْشِ حَلَقَ فَوْقَهُمْ * عَصَائِبُ طَيْرٍ تَهْتَدِي بِعَصَائِبِ
يُصَاحِبْنَهُمْ حَتَّى يُغِرْنَ مَغَارَهُمْ * مِنَ الضَّارِيَاتِ بِالدِّمَاءِ السَّوَاكِبِ

وَلاَ عَيْبَ فِيهِمْ غَيْرَ أَنَّ سُيُوفَهُمْ * بِهِنَّ فُلُولٌ مِنْ قِرَاعِ الْكَتَائِبِ

## لِمَرْوَانَ ابْنِ أَبِي حَفْصَةَ

تَجَنَّبَ لاَ فِي الْقَوْلِ حَتَّى كَأَنَّهُ * حَرَامٌ عَلَيْهِ قَوْلُ لاَ حِينَ يُسْأَلُ
تَشَابَهَ يَوْمَاهُ عَلَيْنَا فَأَشْكَلاَ * فَلَمْ نَكُ نَدْرِي أَيَّ يَوْمَيْهِ أَفْضَلُ

أَيَوْمُ نَدَاهُ الْغَمْرِ أَمْ يَوْمُ بُؤْسِهِ * وَمَا مِنْهُمَا إِلاَّ أَغَرُّ مُحَجَّلُ
بَهَالِيلُ فِي الْإِسْلاَمِ سَادُوا وَلَمْ يَكُنْ * كَأَوَّلِهِمْ فِي الْجَاهِلِيَّةِ أَوَّلُ

هُمُ الْقَوْمُ انْ قَالُوا أَصَابُوا وَإِنْ دُعُوا * أَجَابُوا وَإِنْ اعْطَوا أَطَابُوا وَأَجْزَلُوا
وَمَا يَسْتَطِيعُ الْفَاعِلُونَ فَعَالَهُمْ * وَإِنْ أَحْسَنُوا فِي النَّائِبَاتِ وَأَجْمَلُوا

## لِلْمُتَنَبِّي فِي سَيْفِ الدَّوْلَة

ضَاقَ الزَّمَانُ وَوَجْهُ الْأَرْضِ عَنْ مَلِكٍ * مِلْءَ الزَّمَانِ وَمِلْءَ السَّهْلِ وَالْجَبَلِ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**نابىغە ① نىڭ سۆزى:**

ئەگەر ئۇلار بىرەر قوشۇن بىلەن ئۇرۇش قىلسا، ئۇلارنىڭ باشلىرى ئۈستىگە بىر — بىرىگە ئەگىشىپ توپ-توپ قۇشلار كېلىۋالىدۇ. تۆكۈلگەن قانغا ئادەتلەنگەن بۇ جەك غەلىبىسىنى قولغا كەلتۈرگەن جايغا قۇشلار تاكى ئۇلار مەقسىتىگە يەتكەنگە قەدەر ئۇلاردىن ئايرىلمايدۇ. ئۇلاردا قىلىچلىرى دۈشمەن ئەسكەرلىرىنى چاپقاندا ئۇچۇپ كەتكىنىدىن باشقا ھېچ ئەيىب يوقتۇر.

**مەرۋان ئىبنى ئەبى ھەفسە سۆزى:**

(كىشىلەر) ئۇنىڭدىن بىر نەرسە سورىغاندا، ئۇنىڭغا «يوق» دېگەن سۆز ھارامدەك تۇيۇلىدۇ، ئۇنىڭ مول ئېھسان قىلغان كۈنى ئەۋزەلمۇ ياكى قاتتىق قوللۇق قىلغان كۈنى (ئەۋزەلمۇ)، بىز قايسى كۈنىنىڭ ئەۋزەل ئىكەنلىكىنى بىلمەيلا قالدۇق. ئۇنىڭ ھەربىر كۈنى شانلىق— پارلاق كۈنلەردۇر. ئۇ ئىسلامدىكى بارلىق ياخشى خىسلەتلەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن كاتتىلاردىندۇر. جاھىلىيەتتىمۇ (ھېچكىم) ئۇلار ئالدىدا (ماڭغاندەك) ماڭغان ئەمەس. ئۇلار شۇنداق كىشىلەركى، ئەگەر (قىلمىغىن) دېسە توغرا قىلىدۇ. ئەگەر تەكلىپ قىلىنسا بارىدۇ. ئەگەر بەرمەكچى بولسا، ياخشىسىنى بېرىدۇ. كۆپ بېرىدۇ. ئۇلارغا ئوخشاش ئىش قىلغۇچىلارمۇ گەرچە ھادىسە كەلگەندە خەيرى— ئېھسان قىلىپ، ياخشى ئىش قىلسىمۇ، ئۇلاردەك قىلىپ كېتەلمەيدۇ.

**مۇتەنەببىنىڭ سەيفۇددەۋلەت ھەققىدىكى سۆزى:**

زامان ۋە يەر يۈزى (دۇنيا) (شان-شەۋكىتى) زامان تۈزلەڭلىك ۋە تاغلارنى قاپلىغان پادىشاھقا تارلىق قىلدى.

---

① نابىغە (؟ - 604) جاھىلىيەت دەۋرىدىكى داڭلىق شائىر.

فَنَحْنُ فِى جَذَلٍ وَالرُّومُ فِى وَجَلٍ * وَالْبَرُّ فِى شُغُلٍ وَالْبَحْرُ فِى خَجَلِ

قَدْ قَالَ لِي الْعَاذِلُ فِي حُبِّهِ * وَقَوْلُهُ زُوْرٌ وَبُهْتَانُ
مَا وَجْهُ مَنْ اَحْبَبْتَهُ قُبْلَةً * قُلْتُ وَلاَ قَوْلُكَ قُرْانُ

## وَلِلْآخَرِ

وَشَادِنٍ مُبْتَسِمٍ عَنْ حَبَبٍ * مُتَوَرِّدِ الْخَدِّ مَلِيْحِ الشَّنَبِ
يَلُومُنِى الْعَاذِلُ فِي حُبِّهِ * وَمَا دَرَى شَعْبَانُ اَنَّى رَجَبُ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

**بىر دانانىڭ سۆزى:**

ئۇنىڭ بېقىشلىرى ماڭا گۇمان بىلەن گۇۋاھلىق بەردى. ئۇنىڭ ماڭلاي چاچلىرىنى ھۆججەت قىلىپ كەلتۈردى. ئى سۆيگۈ سوتچىسى! مېنى ئۆلتۈرۈشكە ئالدىرىما، خەت (گۇۋاھلىق خېتى) يالغاندۇر. گۇۋاھچىلار مەستتۇر.

## گۆھەر سۆزلەر

ئېيتىلىشىچە، بىر ئادەمنىڭ بىر دادىسى بار ئىكەن. ئۇ كىشى ھەمىشە «قىلىق، قىلماق» دەيدىكەن. بالىسى جامائەت ئالدىغا چىقىپ: «دادام ساراڭ بولۇپ قالدى» دەپتىكەن، دادىسى بالىسىغا قاراپ مۇشۇ شېئىرنى ئوقۇپتۇ:

ئەگەر سەن مېنىڭ نېمە دېمەكچى ئىكەنلىكىمنى بىلگەن بولساڭ، مېنى توغرا چۈشەنگەن بولاتتىڭ ياكى مەن سېنىڭ دېگەنلىرىڭنى بىلگەن بولسام، مەن سېنى ئەيىبلىگەن بولاتتىم، لېكىن سەن مېنىڭ سۆزۈمنى بىلمىدىڭ، مېنى ئەيىبلىدىڭ، مەن سېنىڭ نادانلىقىڭنى بىلىپ توغرا چۈشەندىم.

**بىر دانانىڭ سۆزى:**

مالامەتچى ئەزۋەيلىدى بىھۇدە،
بەك قارايسەن مۇھەببەتنىڭ قىبلەگمۇ.
مەنمۇ دېدىم ئەزۋەيلەپسەن شۇنچە قىپ،
تىڭشىغۇدەك سېنىڭ سۆزۈڭ قۇرئانمۇ؟

**بىر دانانىڭ سۆزى:**

تەڭداشسىز ئۈنچىلەردەك (ئۈنچىدەك چىشلىرىنى چىقىرىپ) كۈلىدىغان كېپەكلەرمۇ باردۇر. مەڭزى قىزىل گۈلسىمان، لەۋلىرى باردۇر. ئەيىبلىگۈچى مېنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرگەنلىكىم ھەققىدە مالامەت قىلىدۇ. شەئبان ئېيى رەجەپ ئېيى نىڭ قاچان كېلىدىغانلىقىنى نېمە بىلسۇن؟

## لِلْبَعْضِ

لَمَّا تَبَدَّى عَلَي الْعُشَّاقِ مُبْتَسِمًا * وَحَارَتِ النَّاسُ جَمْعًا فِي مَعَانِيْهِ
فَقُلْتُ قَوْلَ زُلَيْخَا فِي عَوَاذِلِهَا * فَذَلِكُنَّ الَّذِى لُمْتُنَّنِي فِيْهِ

## لِلْجَعْبَرِىّ

رَشَقْتَنِي بِاَسْهُمٍ مِنْ عُيُوْنِ * فَجَرَتْ اَدْمُعِي كَشِبْهِ الْعُيُوْنِ
فَاَصَابَتْ مُقَاتِلِي ثُمَّ قَالَتْ * مَنْ يُصَلِّي عَلَي قَتِيْلِ الْعُيُوْنِ

## وَلَهُ اَيْضًا

يَا مَنْ شَفَى بِرِيْقِهِ كُلَّ عَلِيْلٍ * كَمْ فِي كَبِدِى وَمُهْجَتِي مِنْكَ غَلِيْلُ
مَا ضَرَّكَ لَوْسَمَحْتَ بِالْوَصْلِ فَقَدْ * اَصْبَحْتُ مِنَ الْغَرَامِ وَالْوَجْدِ قَتِيْلُ

## وَلَهُ اَيْضًا

اَهْوَى قَمَرًا وَكُلُّ مَا فِيْهِ مَلِيْحُ * فِي الْقَلْبِ سَكَنَّ وَمَا بَدَا مِنْهُ قَبِيْحُ
مَا اَكْرَمَ كَفَّهُ وَمَا اَسْخَاهُ * لَكِنْ بِوِصَالِهِ عَلَى الصَّبِّ شَحِيْحُ

## لِلْحَقِيْرِ

اَفُيُوْضُ دَمِعْكَ قَانِيًا مِنْ ضِدِّهِ * اَمْ مِنْ جَفَاهُ بِالْخِلاَفِ لِوَعْدِهِ

www.uyghurkitap.com

**بىر دانانىڭ سۆزى:**

ئۇ ئاشىقلارغا تەبەسسۇم قىلغان پېتى كۆرۈنۈۋېدى ۋە پۈتۈن ئىنسانلار ئۇنىڭ گۈزەل جامالىغا ھەيرانۇ ھەس بولۇۋىدى، مەن (ئۇلارغا) زۇلەيخانىڭ ئۆزىنى ئەيىبلىگۈچىلەرگە قارىتا ئېيتقان «سىلەر مېنى ئاشۇنداق گۈزەل ئالدىدا ئېزىققانلىقىم توغرۇلۇق ئەيىبلىدىڭلار» دېگەن سۆزىنى دېدىم.

**جەئبەرنىڭ سۆزى:**

ئۇ مېنى كۆز ئوقلىرى بىلەن ئېتىۋىدى، مېنىڭ ياشلىرىم بۇلاقتا ئوخشاش ئاقتى. مېنىڭ قاتىلىم نىشانغا تەگكۈزۈپ بولغاندىن كېيىن، كۆز تېگىپ ئۆلگەن كىشىنىڭ نامىزىنى كىم چۈشۈرىدۇ؟ دېدى.

**يەنە جەئبەرنىڭ سۆزى:**

ئەي تۈكۈرۈكى بىلەن كېسەلنى ساقايتالايدىغان كىشى، مېنىڭ يۈرىكىم ۋە جېنىمدا سېنىڭ سەۋەبىڭدىن بولغان كۆيۈك قانچىلىكتۇر؟! ۋەسلىڭگە يېتىشىمگە رۇخسەت قىلغان بولساڭ ساڭا ھېچقانداق زىيىنى يوق ئىدى. چۈنكى، مەن ئىشىق ۋە ئازابتىن ئۆلۈپ بولغانىدىم.

**يەنە جەئبەرنىڭ سۆزى:**

مەن بىر ئاينى ياخشى كۆرىمەن، ئايدىكى بارلىق خىسلەتلەر شىبىرىندۇر. قەلبىم (دېڭىزدەك) تىنىچ. ئۇ ئىپادىسى ناھايىتى ناچار، ئۇ ناھايىتى كەڭ قول، ناھايىتى مەرد بولسىمۇ لېكىن ئاشىقلىرىنى ۋىسالغا يەتكۈزۈشكە كەلگەندە پىخسىقتۇر.

**ئابدۇقادىر داموللامنىڭ سۆزى:**

سېنىڭ ياشلىرىڭنىڭ ئېقىشى ئۇنىڭ (مەھبۇبىمنىڭ) يۈز ئۆرۈگەنلىكىدىن ياكى ئۇنىڭ ۋەدىسىگە خىلاپلىق قىلىش ئارقىلىق سېنى خاپا قىلغانلىقىدىنمۇ؟

اَمْ مِنْ غَرَامٍ زَادَ فِيْكَ تَلَهُّفًا * اَمْ مِنْ عِتَابِ مُنْبِئٍ عَنْ بُعْدِهِ

اَوْ كَثْرَةِ الرُّقَبَاء تَخْشَى اَنَّهُمُ * نَظَرُوْا اِلَي خَالٍ لَهُ فِي خَدِّهِ
كَمْ لاَئِمٍ قَدْ لاَمَنِي فِي حُبِّهِ * مَا زَادَنِي اِلاَّ الْغَرَامَ بِوَجْدِهِ

اَضْحَي عَذُوْلِي عَاذِرًا لَمَّا رَأَى * يَحْكِي قَضِيْبَ الْخَيْزُرَانِ بِقَدِّهِ
قَسَمًا بِضَوْءِ جَبِيْنِهِ وَبِثَغْرِهِ * وَهِلاَلِ حَاجِبِهِ وَسُنْبُلِ جَعْدِهِ

وَبِحُسْنِ مُقْلَتِهِ وَعَنْبَرِ صُدْغِهِ * وَبِمِسْكِ نَكْهَتِهِ وَلَذَّةِ شَهْدِهِ
وَبِغُصْنِ قَامَتِهِ وَرِقَّةِ خِصْرِهِ * اَقْصِرْ فَلَسْتَ بِرَاغِبٍ عَنْ وُدِّهِ

اَعْجِبْ بِمَحْبُوْبٍ حُسَامٍ لِحَاظُهُ * جَرَحَ الْقُلُوْبَ وَمَا بَدَا مِنْ غِمْدِهِ
فَحَوَى كَمَالَ الْحُسْنِ اِلاَّ اَنَّهُ * سُلْطَانُ حُسْنٍ وَالْبَهَا مِنْ جُنْدِهِ

بَدْرٌ تَكَامَلَ فِي سَمَاءِ شَرَافَةٍ * فَالْمُشْتَرِى نَالَ الْمُنَى مِنْ سَعْدِهِ
وَلَهُ الْقُلُوْبُ مَنَازِلٌ لَكِنَّهُ * شَرَفٌ اِذَا حَلَّ الْفُؤَادَ لِعَبْدِهِ

وَتَرَى ثَنَاهُ لاَتَفِيْهِ عِبَارَةٌ * لَكِنْ لِقَلْبِي رَاحَةٌ مِنْ وِرْدِهِ
حُلْوٌ خَلاَئِقُهُ لَطِيْفٌ طَبْعُهُ * فَرْدٌ بَدِيْعُ زَمَانِهِ فِي رُشْدِهِ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

ياكى سېنىڭ ئىنتىلىشىڭنى تېخىمۇ كۈچەيتكەن ئىشقتىن ياكى ئۇنىڭ سەندىن يىراقلاپ كەتكەنلىكىنى بىلدۈرىدىغان كايىشىدىنمۇ؟ ياكى سەن مەھبۇبىڭنىڭ مەڭزىدىكى خالىغا قارىۋېلىشىدىن ئەنسىرەيدىغان رەقىبلىرىڭنىڭ كۆپلىكىدىنمۇ؟ بەزىلەر مېنىڭ ئۇنى ياخشى كۆرگەنلىكىم ئۈچۈن ئەيىبلەشتى. بۇ مالامەتلەر مېنىڭ ئۇنىڭغا بولغان ئىشقى ـ مۇھەببىتىمنى تېخىمۇ ئاشۇردى. مېنى مالامەت قىلغۇچىلار ئۇ (مەھبۇبىنىڭ) تال چىۋىقتەك قەددى ـ قامىتىنى كۆرگەندە (ماڭا) ئۆزرە ئېيتقۇچىلاردىن بولۇپ قالىدۇ. مەن ئۇنىڭ پېشانىسىنىڭ نۇرلۇقلىقى، چىشلىرىنىڭ پارقىراقلىقى، ئورغاق ئايدەك قېشى ۋە قارا بۇدۇرە چېچى، يارىشىملىق كۆزى، ئەنبەردەك خۇش پۇراق ماڭلاي چېچى، ئىپاردەك پۇرىقى، ھەسەلدەك تاتلىقلىقى، ئەۋرىشىمدەك قامىتى، ئىنچىكە بېلى بىلەن قەسەم قىلىمەنكى، (سەن ماڭا مالامەت قىلىشتىن) توختاپ قال، مەن ئۇنى ياخشى كۆرۈشتىن يانالمايمەن.

مەن قاراشلىرى غىلاپىدىن چىقار ـ چىقمايلا قەلبلەرنى يارىلاندۇرىدىغان قىلىچقا (ئوخشاش) مەھبۇبنى ياخشى كۆرىمەن. ئۇ ھۆسنىنىڭ كامالىتىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەندىن سىرت يەنە گۈزەللىك شاھىدۇر. نازاكەتلىك ئۇنىڭ ئەسكەرلىرىدۇر. ئۇ ئۇلۇغلۇق ئاسمىنىدا تولغان ئاي بولۇپ مۇشتەرى (بىر خىل يۇلتۇزنىڭ ئىسمى) ئۇنىڭ بەختى سەۋەبىدىنلا ئارزۇسىغا يەتكەن. قەلبلەر ئۇنىڭ تۇرالغۇلىرى، لېكىن، ئۇ ئۆز قۇلىنىڭ (ئۆزىنىڭ ئاشىقىنىڭ) قەلبىگە چۈشسە بۇ (ئۇ قەلب ئۈچۈن) شەرەپتۇر. سەن ئۇنى مەدھىيىلەشكە سۆز يېتىشمەيدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايسەن. لېكىن، مېنىڭ قەلبىم ئۇنىڭ (تاپشۇرغان) غۇنچىلىرىدىن ھۇزۇر ئالغۇچىدۇر. ئۇ ئەخلاقىي ئېسىل، تەبىئىيتى نازۇك بىردىنبىر ئىنساندۇر) ئەخلاق جەھەتتە ئۇ زامانىسىدىكى بىردىنبىر (تەڭداشسىز كىشىدۇر).

للْبَعْضِ

وَلَسْتُ بِرَاءٍ عَيْبِ ذِى الْوُدِّ كُلِّهِ * وَلاَ بَعْضَ مَا فِيْهِ اِذَا كُنْتُ رَاضِيًا
فَعَيْنُ الرِّضَا عَنْ كُلِّ عَيْبٍ كَلِيْلَةٌ * كَمَا اَنَّ عَيْنَ السُّخْطِ تُبْدِى الْمَسَاوِيَا

لِمُجِيْرِ الدِّيْنِ

يَا مُحْرِقًا بِالنَّارِ وَجْهَ مُحِبِّهِ * مَهْلاً فَاِنَّ مَدَامِعِي تُطْفِيْهِ
اَحْرِق بِهَا جَسَدِى وَكُلَّ جَوَارِحِي * وَاحْرُصْ عَلَي قَلْبِى فَاِنَّكَ فِيْهِ

لِعَوْنِ الدِّيْنِ

لَهِيْبُ الْخَدِّ حِيْنَ بَدَا لِعَيْنِى * هَوَى قَلْبِي عَلَيْهِ كَالْفَرَاشِ
فَاَحْرَقَهُ فَصَارَ عَلَيْهِ خَالاً * وَذَا اَثَرُ الدُّخَانِ عَلَي الْحَوَاشِي

لِبَعْضِهِمْ

لَمْ اَضَعْ لِلسَّلاَمِ كَفِّيْ بِصَدْرِى * حِيْنَ حَيَّا بِالْحَاجِبِ الْمَقْرُوْنِ
اِنَّمَا قَدْ وَضَعْتُ كَفِّيْ لاَدْرِى * اَيْنَ حَلَّتْ سِهَامُ تِلْكَ الْعُيُوْنِ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

بىر دانانىڭ سۆزى:

ناۋادا رازى بولسام دوستلىرىمنىڭ ئەيىبىنىڭ ھەممىسىنى ۋە ئۇلارنىڭ ئاز بىر قىسىم ئەيىبلىرىنىمۇ كۆرمەيمەن خۇددى نەپرەت كۆزى ئەيىبتىن باشقىنى كۆرمىگەندەك دوستلۇق كۆزى ئەيىبلەرنى كۆرۈشتىن ئاجىزدۇر.

مۇجىبىردىننىڭ سۆزى:

ئەي ئاشىقىنىڭ جىسمىنى ئوت بىلەن كۆيدۈرگۈچى توختا! مېنىڭ ياشلىرىم ئۇ ئوتلىرىڭنى ئۆچۈرۈۋېتىدۇ. سەن ئوتۇڭ بىلەن مېنىڭ جىسمىمنى ۋە بارلىقىمنى كۆيدۈر. پەقەت يۈرىكىمنى ساقلاپ قال، چۈنكى سەن ئۇنىڭدا.

ئەۋىنددىننىڭ سۆزى:

مەگەرى ئۆتتەك قىزىل مەھبۇب ئالدىمدا نامايەن بولغاندا، مېنىڭ قەلبىم ئۇ يۈزگە پەرۋانىدەك ئۆزىنى ئۇردى. ئۇ يۈزنىڭ يالقۇنى قەلبىمنى كۆيدۈرۈپ ئۇنى ئۇزىگە خال قىلىۋالدى. مانا مۇشۇ يۈزنىڭ ئەتراپىدىكى ئاشۇ (مەڭ) تۈتۈنىنىڭ ئىزناسىدۇر.

بىر دانانىڭ سۆزى:

ئۇ ماڭا قوشۇما قاشلىرى بىلەن سالام بەرگەن چاغدا، مەن قولۇمنى كۆكسۈمگە قويدۇم. بۇ سالام بېرىش ئۈچۈن ئەمەس، بەلكى ئاشۇ كۆزلەرنىڭ ئوقلىرىنىڭ قەيەرگە تەگكەنلىكىنى بىلىش ئۈچۈندۇر.

## لِلْمُتَنَبِّي

نَشَرَتْ ثَلاَثَ ذَوَائِبَ مِنْ شَعْرِهَا * فِي لَيْلَةٍ فَأَرَتْ لَيَالِي أَرْبَعَا
وَاسْتَقْبَلَتْ قَمَرَ السَّمَاءِ بِوَجْهِهَا * فَأَرَتْنِي الْقَمَرَيْنِ فِي وَقْتٍ مَعَا

## لِلْأَمِيرِ مُحَمَّد

قَمَرٌ اذَا فَكَّرْتُ فِيْهِ تَعَتَّبَا * وَاذَا رَآنِي فِي الْمَنَامِ تَحَجَّبَا
صَادَفْتُهُ فَتَنَاوَلَتْ لَحَظَاتُهُ * عَقْلِي وَاَعْرَضَ نَافِرًا مُتَجَنِّبَا

مُتَوَرِّدُ الْوَجَنَاتِ خَشْيَةَ نَاظِرٍ * اَضْحَى بِرِيْحَانِ الْعِذَارِ مُنَقَّبَا
اَنَا مِنْهُ رَاضٍ بِالصُّدُوْدِ لِاَنَّنِي * اَجِدُ الْهَوَانَ لَدَى الْهَوَى مُسْتَعْذَبَا

## وَلَهُ اَيْضًا

لَمَّا صَفَتْ مِرْآةُ وَجْهِكَ اَيْقَنَتْ * عَيْنَايَ اَنِّي عُدْتُ فِيْهِ خَيَالاً
فَظَنَنْتُ اَهْدَابِي بِوَجْهِكَ عَارِضًا * وَحَسِبْتُ اِنْسَانِي بِخَدِّكَ خَالاً

## وَلَهُ اَيْضًا

وَمُقَرْطَقٍ يُغْنِي النَّدِيْمَ بِوَجْهِهِ * عَنْ كَأْسِهِ الْمَلْأَى وَعَنْ اِبْرِيْقِهِ
فِعْلُ الْمُدَامِ وَلَوْنُهَا وَمَذَاقُهَا * مِنْ مُقْلَتَيْهِ وَوَجْنَتَيْهِ وَرِيْقِهِ

**مۇتەنەببىنىڭ سۆزى:**

ئۇ بىر كېچىسى ئۈچ تال ئۆرۈمە چېچىنى يېيىۋېدى ، كېچە تۆت بولۇپ كۆرۈندى . يۈزى (ئۇ گۈزەل جامالى) بىلەن ئاسماننىڭ ئېيىغا قارىۋىدى ، ماڭا بىرلا ۋاقىتتا ئاي ئىككى بولۇپ كۆرۈندى .

**ئەمىر مۇھەممەدنىڭ سۆزى:**

(ئۇ مەھبۇب) بىر ئايدۇر . ئەگەر مەن ئۇنى ئەسلىسەم ، ئۇ ماڭا كايىيدۇ . ئەگەر ئۇ مېنى چۈشىدە كۆرسە يۈزىنى يېپىۋالىدۇ . مەن ئۇنىڭ بىلەن تاسادىپىي ئۇچرىشىپ قېلىۋېدىم ، ئۇنىڭ قاراشلىرى مېنىڭ ئەقلىمنى لال قىلدى . ۋە مەندىن چۆچۈپ يۈز ئۆرۈپ قاچتى . كىشىلەرنىڭ (ئاچ كۆزلەرچە) تىكىلىپ بېقىشلىرىدىن قورققان گۈل يۈزلۈك (مەھبۇب) چىبكە چاچلىرى بىلەن نىقابلىنىۋالدى . مەن ئۇنىڭ ئىللىق بېقىشلىرىغا مۇيەسسەر بولالمىسامۇ رازىمەن ، چۈنكى مەن سۆيگۈ ئالدىدىكى خورلۇقنى لەززەت دەپ بىلىمەن .

**ئەمىر مۇھەممەدنىڭ سۆزى:**

سېنىڭ يۈزۈڭنىڭ ئەينىكى سۇزۇلگەن ۋاقىتتا ، مېنىڭ كۆزلىرىم ئۇ ئەينەكتە بىر خىيالغا ئايلىنىپ قالغانلىقىمنى جەزم قىلدى . كىرپىكلىرىم يۈزۈڭگە چۈشكەندە چىبكە چاچلىرىڭ دەپ ئويلىسام ، كۆز قارچۇقۇمنى مەڭزىڭدىكى خال دەپ گۇمان قىلىمەن .

**يەنە ئەمىر مۇھەممەدنىڭ سۆزى:**

ئۇ (تەڭداشسىز) قىزىل لىباس كىيگۈچى ئۆلپەتلەرنى ئۆز سىماسى بىلەن تولدۇرۇلغان قەدەھلەر ۋە كوزىلاردىن بىھاجەت قىلىدۇ . شارابنىڭ تەسىرى ، رەڭگى ، تەمى ئۇنىڭ كۆز قارچۇقى مەڭزى ۋە تۈكرۈكلىرىدىن كەلگەندۇر .

## لِعَمْرِو بْنِ رَبِيْعَةَ

وَلَوْ تَفَلَتْ فِي الْبَحْرِ وَالْبَحْرُ مَالِحُ * لَاَصْبَحَ مَاءُ الْبَحْرِ مِنْ رِيْقِهَا عَذْبًا

## لِلْآخَرِ

اَلْقَى يَدَيْهِ عَلَي صَدْرِى فَقُلْتُ لَهُ * اَبْرَأَتَ مِنِّي فُؤَادًا اَنْتَ مُوجِعُهُ
فَقَالَ لَاتَطْمَعَنْ عَيْنَايَ قَدْ رَمَتَا * سَهْمًا فَاَحْبَبْتُ اَدْرِى اَيْنَ مَوْقِعُهُ

## لِاَبِي فِرَاسٍ

اَرَاكَ عَصِيَّ الدَّمْعِ شِيْمَتُكَ الصَّبْرُ * اَمَا لِلْهَوَى نَهْيٌ عَلَيْكَ وَلَا اَمْرُ
بَلَى اَنَا مُشْتَاقٌ وَعِنْدِى لَوْعَةٌ * وَلَكِنَّ مِثْلِي لَا يُذَاعُ لَهُ سِرٌّ

تَكَادُ تُضِيْئُ النَّارُ بَيْنَ جَوَانِحِى * اِذَا هِيَ اَذْكَتْهَا الصَّبَابَةُ وَالْفِكْرُ
مُعَلِّلَتِي بِالْوَعْدِ وَالْمَوْتُ دُوْنَهُ * اِذَا مِتُّ ظَمْآنًا فَلَا نَزَلَ الْقَطْرُ

تُسَائِلُنِي مَنْ اَنْتَ وَهِيَ عَلِيْمَةٌ * وَهَلْ بِفَتًى مِثْلِي عَلَي حَالِهِ نُكْرُ

وَقَالَتْ لَقَدْ اَزْرَى بِكَ الدَّهْرُ بَعْدَنَا * فَقُلْتُ مَعَاذَ اللهِ بَلْ اَنْتَ لَا الدَّهْرُ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

**ئەمىر ئىبنى رەبىئەنىڭ سۆزى:**

ئەگەر ئۇ دېگىنىز (تۇزلۇق دېگىنىز) غا تۆكۈرۈپ قويسا دېگىنىز سۈيى ئۇنىڭ تۆكۈرۈكىنىڭ (تەسىرىدىن) شېرىنلىشىپ كەتكەن بولاتتى.

**بىر دانانىڭ سۆزى:**

ئۇ قولىنى مېنىڭ كۆكسۈمگە قويدى. مەن «سەن مېنىڭ ئۆزۈڭ ئاغرىتىپ قويغان يۈرىكىمنى ساقايتىپ قويدۇڭ» دېدىم. ئۇ «مۇنداق تەمەدە بولما. مېنىڭ كۆزۈم ئوق ئۈزگەن ئىدى، مەن ئوقنىڭ قەيەرگە چۈشكەنلىكىنى بىلىپ باقاي دېدىم، شۇ» دېدى.

**ئەبۇ فىراسنىڭ سۆزى:**

مەن سېنىڭ (كۆز) يېشىڭنىڭ ئىسيانكار ئىكەنلىكىنى، سەۋرچانلىقىنىڭ ساڭا ئادەت بولۇپ كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن، مۇھەببەتنىڭ ساڭا چەكلىمىلىرى ۋە بۇيرۇقلىرى يوقمۇ؟ بار، مەنمۇ سېغىنىمەن، مەندىمۇ مۇھەببەت ئوتى بار. لېكىن، مەندەك ئادەملەرنىڭ سىرى ئېچىۋېتىلمەيدۇ. مېنىڭ كۆكرەك قەپىسىم ئارىسىدا ئوت يانـاي دەپ قالدى. مانا قارا، ئۇ ئوتنى ئىشىق ۋە ئەسلەش ئوتى قوشۇلۇپ يالقۇنجاتماقتا.

ئۇ ۋەدىلىرى بىلەن مېنى ئالداپ قويغۇچىدۇر. ۋەھالەنكى ئۇ ۋەدىنىڭ ئالدىدا ئۆلۈم (نىڭ كېلىشى) مۇقەررەردۇر. مەن تەشنالىقتىن ئۆلسەم بىر تامچە (سۇنىمۇ) چۈشۈرۈپ بەرمىگەن (تاش يۈرەك). ئۇ مەندىن بىلىپ تۇرۇپ «سەن كىم» دەپ سورايدۇ. مەن كەبى بىر يىگىتنىڭ ئەھۋالىنىمۇ بىلمەيدىغان ئىش بولامدۇ؟ ئۇ بىزدىن كېيىن سېنى زامان خورلاپتۇ، دېدى. ئەللاھ ساقلىسۇن، زامان ئەمەس، بەلكى سەن كەمسىتتىڭ دېدىم.

لِإبْرَاهِيْمَ النَّقِيْبِ

يَا تَارِكًا جَسَدِيْ بِغَيْرِ فُؤَادِ * اسْرَفْتَ فِي الْهِجْرَانِ وَالْابْعَادِ
انْ كَانَ يَمْنَعُكَ الزِّيَارَةَ اعْيُنٌ * فَادْخُلْ الَيَّ بِعِلَّةِ الْعُوَّادِ

انَّ الْعُيُوْنَ عَلَي الْقُلُوْبِ اذَا جَنَتْ * كَانَتْ بَلِيَّتُهَا عَلَى الْاَجْسَادِ

لِمُحْيِ الدِّيْنِ قَرْنَاصٍ

اَرَاقَ دَمِي بِسَيْفِ اللَّحْظِ ظُلْمًا * وَهَا اَثَرُ الدِّمَاءِ بِوَجْنَتَيْهِ
فَلَمَّا خَافَ مِنْ طَلَبِي لِثَأْرِي * اَدَارَ عِذَارَهُ زَرَدًا عَلَيْهِ

لِاَبِي تَمَّامٍ

اَنْتَ فِي حِلٍّ فَزِدْنِى سَقَمًا * افْنِ جِسْمِي وَاجْعَلِ الدَّمْعَ دَمًا
وَارْضَ لِيَ الْمَوْتَ بِهِجْرَيْكَ فَانْ * اَلَمَتْ نَفْسِي فَزِدْهَا اَلَمًا

مِحْنَةُ الْعَاشِقِ فِي ذُلِّ الْهَوَى * فَاذَا اسْتُوْدِعَ سِرًّا كَتَمَا
لَيْسَ مِنَّا مَنْ شَكَي عِلَّتَهُ * مَنْ شَكَا ظُلْمَ حَبِيْبٍ ظَلَمَا

لِلْبَحْتَرِى

رُوْحِي وَرُوْحُكَ مَضْمُوْمَانِ فِي جَسَدٍ * يَا مَنْ رَأَى جَسَدًا قَدْ ضَمَّ رُوْحَيْنِ

www.uyghurkitap.com

**ئىبراھىم نەقىبنىڭ سۆزى:**

ئەي مېنىڭ جىسمىمنى يۈرىكىمدىن ئايرىغان ھالدا تاشلاپ قويغۇچى ، سەن ھىجران ۋە ئۆزۈڭنى چەتكە ئېلىشتا ھەددىدىن ئاشتىڭ ، ئەگەر نازارەتچىلەر مېنى زىيارەت قىلغىلى يول قويمىسا ، سەن مېنىڭ قېشىمغا (كېسىلىمنى) يوقلايمەن دېگەن باھانە بىلەن كىرگىن . شۈبھىسىزكى ، كۆزلەرنىڭ قەلبلەرگە تېپىپ بەرگەن خاپىلىقىنىڭ بالاسى تەنگە بولىدۇ .

**مۇھىيددىن قەرناسنىڭ سۆزى:**

ئۇ قىلىچتەك يالت - يۇلت قاراشلىرى بىلەن مېنىڭ قېنىمنى زورمۇ — زور تۆكتى . مانا ، قانىنىڭ ئىزلىرى ئۇنىڭ مەڭزىدە (تۇرۇپتۇ) ، ئۇ مېنىڭ قىساس تەلەپ قىلىشىمدىن ئەنسىرىگەندە بولسا چېكە چاچلىرىنى ئۆزىگە ساۋۇت قىلىۋالدى .

**ئەبۇ تەممامنىڭ سۆزى:**

سېنىڭ (ھەر نېمە قىلىش) ئىمكانىيىتىڭ بار . مېنى تېخىمۇ كېسەل قىلىۋەتكىن . مېنىڭ جىسمىمنى تۈگىتىۋەت . يېشىمنى قانغا ئايلاندۇرۇۋەت . سېنىڭ ھىجرانىڭدا ئۆلۈپ كېتىشىمگە رازى بول . ئەگەر مېنىڭ روھىم ئازابلانسا ئۇنى تېخىمۇ ئازابلا ، ئاشىقنىڭ ئىمتىھانى ئىشقىنىڭ خارلىقى ئىچىدە ئېلىنىدۇ . ئەگەر ھەر بىر مەخپىيەتلىك ئۇنىڭغا تاپشۇرۇلسا ئۇ مەخپىيەتلىكنى چىڭ ساقلايدۇ . ئۆزىنىڭ كېسىلىنى شىكايەت قىلغان كىشى بىز (ئاشىقلاردىن) ئەمەس . مەھبۇبىنىڭ زۇلۇمىنى شىكايەت قىلغان كىشى (مەھبۇبىغا) زۇلۇم قىلغان بولىدۇ .

**بەھتەرىنىڭ سۆزى:**

مېنىڭ روھىم بىلەن سېنىڭ روھىڭ بىر جىسىمغا قوشۇپ كەتكەندۇر .

يَا بَاعِثَ السِّحْرِ مِنْ طَرْفٍ يُقَلِّبُهُ * هَارُوْتُ لاَ تَسْقِنِى خَمْرًا بِكَأْسَيْنِ

وَيَا مُحَرِّكَ عَيْنِهِ لِيَقْتُلَنِي * اِنِّي اَخَافُ عَلَيْكَ الْعَيْنَ مِنْ عَيْنِي

لِلْبَعْضِ

جَارِيَةٌ اَعْجَبَهَا حُسْنُهَا * وَمِثْلُهَا فِي النَّاسِ لَمْ يُخْلَقِ
خَبَّرْتُهَا اَنِّي مُحِبٌّ لَهَا * فَأَقْبَلَتْ تَضْحَكُ مِنْ مَنْطِقِي

فَالْتَفَتَتْ نَحْوَ فَتَاةٍ لَهَا * كَالرِّشَاءِ الْوَثْنَانِ فِى الْقَرْطَفِ
قَالَتْ لَهَا قُوْلِي لِهَذَا الْفَتَى * اُنْظُرْ اِلَي وَجْهِكَ ثُمَّ اعْشَقِ

لِبَعْضِهِمْ

وَرَأَيْتُهُ فِي الطِّرْسِ يَكْتُبُ مَرَّةً * غَلَطًا وَيَمْحُو خَطَّهُ بِرُضَابِهِ
فَوَدَدْتُ لَوْ اَنِّيْ اَكُوْنُ صَحِيْفَةً * وَوَدَدْتُ اَنْ لاَ يَهْتَدِى لِصَوَابِهِ

لِمَرْوَانَ ابْنِ اَبِي حَفْصَةَ

وَلَمَّا الْتَقَيْنَا لِلْوَدَاعِ وَدَمْعُهَا * وَدَمْعِي بُفَيْضَانِ الصَّبَابَةَ وَالْوَجْدَا
بَكَتْ لُؤْلُؤً رَطْبًا فَفَاضَتْ مَدَامِعِي * عَقِيْقًا فَصَارَ الْكُلُّ فِي نَحْرِهَا عِقْدَا

ئەي كـۆز بېقىشـلىرى بىـلەن سېھىر قورغىغۇچـى ، ئـەي ھـارۇت ، سەن ئـىككى (كۆزۈڭدىن ئىبارەت) قەدەھتىكى شاراب بىـلەن مېـنىڭ تەشـنالىقىمنى باسما ، ئـەي مېـنى ئـۆلتۈرۈش ئۈچـۈن ماڭا كـۆز تاشـلىغۇچى مـەن سېـنىڭ كۆزۈمنىڭ ساڭا تېگىپ كېتىشىدىن ئەنسىرەيمەن .

**بىر دانانىڭ سۆزى:**

ئـۇ بىـر قىـزدۇركى ، ئۇنىڭ ھۆسنى كېلىشكەن . ئىنسانلار ئىچـىدە ئۇنـىڭدەك بىـرى يارىتىـلمىغاندۇر . مـەن ئۇنـىڭغا ئۆزۈمـنىڭ ئۇنـى ياخشـى كۆرىدىغانلىقىمـنى ئېيـتىۋىدىم ، ئۇ مېـنىڭ سـۆزۈمدىن كـۈلۈپ كەتـتى ۋە يېـنىدىكى قىـزچاققا بۇرۇلـۇپ ئـۇ قىزچاققا گۈل بەرگىدىكى شەبنەم كەبى بېقىپ : « ئـۇ يىگىـتكە چىرايـىڭغا قـاراپ ئاشىق بول » دەپ قويغىن ، دېدى .

**بىر دانانىڭ سۆزى:**

مـەن بىـر قېـتىم ئۇنـىڭ قەغەزگـە خاتـا خـەت يېزىپ خەتلىرىـنى ئۆزىـنىڭ تۈكـرۈكى بىـلەن ئۆچۈرۈۋاتقانلىقىـنى كـۆردۈم . مـەن «كاشـكى ، دەپـتەر بولـۇپ قالسـامكەنمەن . كاشـكى ، ئۇ (مەڭگۈ) خېتىنى توغرا يازالمىسىكەن» دەپ ئارزۇ قىلدىم .

**مەرۋان ئىبنى ھەفسىنىڭ سۆزى:**

بىـز خوشلىشـش ئۈچـۈن ئۇچراشـقان ۋاقـتىمىزدا ھـەر ئىككىمىزنىڭ يىشى ئىشق ۋە ئوت يالقۇنى چاچاتتى ، ئۇ ھۆل مەرۋايىتـتەك ياش تۆكتى . (ئۇنىڭ ئاققان يىشى ھۆل بولۇپ كەتكـەن مەرۋايىتقا ئوخشايتتى .) مېـنىڭ ياشـلىرىم قىـزىل مونچاقـتەك ئـېقىپ ھـەر ئىككىسـى ئۇنـىڭ بويـنىدا مارجـان بولۇپ قالدى .

## لِلسَّيِّدِ الشِّيْرَازِيِّ قَدَّهُ

أُشَاهِدُ مَنْ اَهْوَى بِغَيْرِ وَسِيْلَةٍ * فَيَلْحَقُنِي شَأْنٌ اَضَلُّ طَرِيْقًا
يُوَهِّجُ نَارًا ثُمَّ يُطْفِي بِرَشَّةٍ * لِذَاكَ تَرَانِي مُحْرَقًا وَغَرِيْقًا

## لِلْحَسَنِ بْنِ هَانِي

يَا قَمَرًا اَبْصَرْتُ فِي مَاتَمٍ * يَنْدُبُ شَجْوًا بَيْنَ اَتْرَابِ
يَبْكِي فَيُلْقِي الدُّرَّ مِنْ نَرْجِسٍ * وَيَلْطِمُ الْوَرْدَ بِعُنَّابِ

## لِاٰخَرَ

حَجَبُوكَ عَنْ مُقَلِ الْعِبَادِ مَخَافَةً * مِنْ اَنْ تَخْدِشَ خَدَّكَ الْاَبْصَارُ
فَتَوَهَّمُوْكَ وَلَمْ يَرَوْكَ فَاَصْبَحَتْ * مِنْ وَهْمِهِمْ فِي خَدِّكَ الْآثَارِ

## لِابْنِ زَوْلَاقٍ

وَمِنْ عَجَبٍ اَنْ يَحْرِسُوكَ بِخَادِمٍ * وَخَادِمُ هَذَا الْحُسْنِ مِنْ ذَاكَ اَكْثَرُ
عِذَارُكَ رَيْحَانٌ وَثَغْرُكَ جَوْهَرُ * وَخَدُّكَ يَا قُوتٌ وَخَالُكَ عَنْبَرُ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**سەئىدى شىرازىنىڭ سۆزى:**

مەن ئۆزۈم ياخشى كۆرىدىغان كىشىنى ھېچقانداق ۋاقىتتە قوللانماي تۇرۇپمۇ كۆرەلەيمەن. شۇنىڭ بىلەن تېخىمۇ ئازغان (تېخىمۇ ناچار) بىر ئەھۋالغا دۇچار بولىمەن. ئۇ ئوت ياقىدۇ. ئارقىدىن سۇ سېپىپ ئۆچۈرىدۇ. سىزنىڭ مېنى بەزىدە كۆيۈپ كەتكەن، بەزىدە غەرق بولغان ھالەتتە كۆرۈشىڭىزنىڭ سەۋەبى ئەنە شۇدۇر.

**ھەسەن ئىبنى ھانىينىڭ سۆزى:**

ئاھ! مەن ماتەم مۇراسىمىدا ئۆز تەكتۇشلىرى ئارىسىدا غەم-قايغۇنى چىللاۋاتقان بىر ئايىنى كۆردۈم. ئۇ يىغلاپ كۆزىدىن ئۈنچىلەرنى تۆكەتتى، قىزىل گۈلگە (مەڭزىگە) چىلان بىلەن (خىنە قويۇپ چىلاندەك قىزارتىلغان قوللىرى) بىلەن ئۇراتتى.

**بىر دانانىڭ سۆزى:**

ئۇلار سېنىڭ مەڭزىڭنى كۆزلەر جاراھەتلەندۈرمىسۇن دەپ كىشىلەرنىڭ كۆزلىرىدىن يېپىپ قويۇشتى. ئۇلار سېنى كۆرۈش كويىدا بولغان بولسىمۇ، ئەمما كۆرەلمەيدۇ. ئۇلارنىڭ سېنى كۆرمەي تۇرۇپ سۈرگەن خىياللىرىدىن مەڭزىڭدە ئىزلار پەيدا بولدى.

**ئىبنى زەۋلاقىنىڭ سۆزى:**

ئۇلارنىڭ ساقا بىر خىزمەتچىنى مۇھاپىزەت قىلىشقا قويغانلىقى ناھايىتى قىزىقارلىقتۇر. ھالبۇكى (سېنىڭ) ھۆسنىڭنىڭ خىزمەتكارلىرى بۇنىڭدىنمۇ كۆپتۇر. چېھرىڭ گۈل، چىشىڭ گۆھەر، مەڭزىڭ ياقۇت، خالىڭ ئەنبەردۇر.

## لِلْمَأْمُوْنِ

لِسَانِي كَتُومٌ لِاَسْرَارِكُمْ * وَدَمْعِي نَمُومٌ لِسِرِّي مُذِيْعٌ
فَلَوْلاَ دُمُوعِي كَتَمْتُ الْهَوَى * وَلَوْلاَ الْهَوَى لَمْ يَكُنْ لِي دُمُوعُ

## لِاَبِي الْعَبَّاسِ النَّاشِي

بَكَتْ لِلْفِرَاقِ وَقَدْ رَاعَنِي * بُكَاءُ الْحَبِيْبِ لِفَقْدِ الدِّيَارِ
كَأَنَّ الدُّمُوعَ عَلَى خَدِّهَا * بَقِيَّةُ طَلٍّ عَلَي جُلَّنَارِ

## لِغَيْرِه

وَمِنْ عَجَبٍ اَنِّي اَحِنُّ اِلَيْهِمُ * وَاَسْأَلُ عَنْهُمْ مَنْ لَقِيْتُ وَهُمْ مَعِي
وَتَطْلُبُهُمْ عَيْنِي وَهُمْ فِي سَوَادِهَا * وَيَشْتَاقُهُمْ قَلْبِي وَهُمْ بَيْنَ اَضْلُعِي

## لِلْاَرْجَانِي

شَكَوْتُ اِلَي الْحَبِيْبَةِ سُوْءَ حَظِّي * وَمَا قَاسَيْتُ مِنْ اَلَمِ الْبِعَادِ
فَقَالَتْ اِنَّ حَظَّكَ مِثْلُ عَيْنِي * فَقُلْتُ نَعَمْ وَلَكِنْ فِي السَّوَادِ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

**مەئمۇننىڭ سۆزى:**

مېنىڭ تىلىم سىلەرنىڭ سىرلىرىڭلارنى يوشۇرالايدۇ. مېنىڭ يېشىم بولسا سىرلىرىمنى پاش قىلىدىغان سۇخەنچىدۇر. ياشلىرىم بولمىغان بولسا سۆيگۈنى يوشۇرۇپ قالالايتتىم. سۆيگۈ بولمىغان بولسا ياشلىرىممۇ بولمىغان بولاتتى.

**ئەبۇل ئابباس ناشىنىڭ سۆزى:**

ئۇ ئايرىلغانلىقىمىز ئۈچۈن يىغلىدى. مەھبۇبىنىڭ يۈرتتىن ئايرىلغاندىكى يىغىسى مېنى بىئارام قىلماقتا ئىدى. (ئۇنىڭ) مەڭزىدىكى ياشلىرى خۇددى ئانار گۈلى ئۈستىدىكى قالدۇق شەبنەمگىلا ئوخشايتتى.

**بىر دانانىڭ سۆزى:**

قىزىقارلىق ئىشكى، مەن ئۇلارنى سېغىنىمەن ۋە ئۈچرىغانلىكى كىشىدىن ئۇلارنىڭ ئىز ـ دېرىكىنى قىلىمەن. ۋە ھالبۇكى ئۇلار مەن بىلەن بىللە كۆزلىرىم ئۇلارنى ئىزدەيدۇ. ئۇلار بولسا كۆزلىرىمنىڭ قارىسىدا. قەلبىم ئۇلارغا تەلپۈنىدۇ، ئۇلار بولسا كۆكرەك قەپىسىم ئىچىدە.

**ئەرجانىنىڭ سۆزى:**

مەن ئۇ مەھبۇبقا ئۆزۈمنىڭ بەختسىزلىكىمنى ۋە مەن باشتىن كەچۈرگەن ھىجران ئازابىنى شىكايەت قىلدىم. ئۇ دېدى: «سېنىڭ تەلىيىڭ مېنىڭ كۆزۈمگە ئوخشايدىكەن.» مەن دېدىم: «شۇنداق، ئۇ كۆزۈڭنىڭ قارىسىغا ئوخشايدۇ.» (كۆزۈڭنىڭ قارىسىغا ئوخشاش تەلىيىممۇ قارا تەتۈر بولۇپ قالدى)

لِبُرْهَانِ الدِّيْنِ الْقِيْرَاطِيِّ

قَسَمًا بِرَوْضَةِ خَدِّهِ وَنَبَاتِهَا * وَبِآسِهَا الْمُخْضَرِّ فِي جَنَبَاتِهَا
وَبِسُوْرَةِ الْحُسْنِ الَّتِي فِي وَجْهِهِ * كَتَبَ الْعِذَارُ بِخَطِّهِ اٰيَاتِهَا

وَبِقَامَةٍ كَالْغُصْنِ الاَّ انَّنِي * لَمْ اَجْنِ غَيْرَ الصَّدِّ مِنْ ثَمَرَاتِهَا
اَمُحَرِّكَ الْاَوْتَارِ انَّ نُفُوسَنَا * سَكَنَاتُهَا وَقْفٌ عَلَي حَرَكَاتِهَا

دَارِ الْعِذَارَ بِحُسْنِ وَجْهِكَ مُنْشِدًا * لاَتُخْرِجِ الْاَقْمَارَ عَنْ هَالاَتِهَا

لِاَبِي نُوَّاسِ

صَلِيْتُ مِنْ حُبِّهَا نَارَيْنِ وَاحِدَةً * فِي وَجْنَتَيْهَا وَاُخْرَى بَيْنَ اَحْشَائِي
يَا وَيْحَ اَهْلِي يَرَوْنِي بَيْنَ اَعْيُوْنِهِمْ * عَلَي الْفِرَاشِ وَمَا يَدْرُوْنَ مَادَائِي

لَوْ كَانَ زُهْدُكَ فِي الدُّنْيَا كَزُهْدِكَ فِي * وَصْلِي مَشَيْتَ بِلاَ شَكٍّ عَلَي الْمَاءِ

لِلْحَرِيْرِي

سَاَلْتُهَا حِيْنَ زَارَتْ نَضْوَ بُرْقُعِهَا اَلْ * قَانِي وَاِيْدَاعَ سَمْعِي اَطْيَبَ الْخَبَرِ
فَزَحْزَحَتْ شَفَقًا غَشَّى سَنَّى قَمَرٍ * وَسَاقَطَتْ لُؤْلُؤً مِنْ خَاتَمٍ عَطِرِ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

### بۇرھانىددىن قىيراتنىڭ سۆزى:

ئۇنىڭ مەڭزى باغچىسى، بۇ باغچىنىڭ گۈل-گىياھلىرى، ۋە ئۇنىڭ ياقىسىدىكى يېشىل قارغايلىرى، چېكە چېچى ئۆز خېتى بىلەن ئايەتلىرىنى يازغان يۈزىدىكى ھۆسن سۈرىسى (بۇ شېئىردىكى مەھبۇبىنىڭ ھۆسنى گۈزەللىكتە، لاتاپەتتە قۇرئاندىكى سۈرىگە ئوخشىتىلغان.) بىلەن قەسەمكى، مەن يۈز ئۆرۈشتىن باشقا مېۋىنى ئۈزۈپ باقمىغان بولسامۇ (يەنىلا) نوتا شاخقا ئوخشاش بولغان زىلۋا بوي بىلەن قەسەمكى، ئەي يۈرەك تارىلىرىنى تىترەتكۈچى بىزنىڭ كۆڭلىمىزنىڭ ئارامچىلىقى ئۇنىڭ ھەرىكىتىگە باغلىقتۇر. سەن چېكە چاچلىرىڭنى - مەن سېنىڭ ھۆسنى جامالىڭ بىلەن ئۆتۈنۈپ سوراي - گۈزەل ئۇنىڭ ھەرىكىتىگە باغلىقتۇر جامالىڭدىن ئايلاندۇرغىن. (يۈزۈڭنى چاچلىرىڭ بىلەن ئورا) ئايلارنى قوتىنىدىن چىقىرىۋەتمە.

### ئەبۇ نەۋۋاسىنىڭ سۆزى:

مەن ئۇنىڭ مۇھەببىتى سەۋەبىدىن بىر قېتىمدىلا ئىككى ئوتقا كىردىم. ئۇنىڭ بىرى مەڭزىدىكى (ئوت) يەنە بىرسى بولسا، كۆكرىكىم ئارىسىدا. ئىسىت، ئائىلەمدىكىلەر مېنى كۆزلىرى ئالدىدا كۆرپە ئۈستىدە كۆرىدۇيۇ، مېنىڭ كېسىلىمنىڭ نېمە ئىكەنلىكىنى بىلىشمەيدۇ. (ئەي مەھبۇب) سېنىڭ دۇنياغا نىسبەتەن زاھىتلىقىڭ مېنىڭ ۋەسلىمگە نىسبەتەن بولغان زاھىتلىققا ئوخشاش بولسا (ۋىسالغا يېتىشكە قىزىقمىغاندەك دۇنياغىمۇ قىزىقمىغان بولساڭ) شەكسىزكى، سېنىڭ ئۈستىدە ماڭغان بولاتتىڭ.

### ھەرىرىنىڭ سۆزى:

مەن ئۇ مەھبۇب يوقلاپ كەلگەندە ئۆزىنىڭ قىپقىزىل چۇمبىلىنى ئېلىۋېتىشىنى، ئەڭ ياخشى خەۋەرنى مېنىڭ قۇلىقىمغا قويۇشنى سوزىدىم ئۇ ئاي يۈزىنى ياپقان شەپەقتەك چۇمپەردىسىنى چەتكە ئالدى ۋە خۇش پۇراق ئۈزۈكىدىن (ئويماقتەك ئېغىزىدىن) مەرۋايىتلارنى تۆكتى.

وَاَقْبَلَتْ يَوْمَ جدَّ الْبَيْنُ فِي حُلَلٍ * سُوْدٍ تَعُضُّ بَنَانَ النَّادمِ الْحَصِرِ
فَلاَحَ لَيْلٌ عَلَى صُبْحٍ اَقَلَّهُمَا * غُصْنٌ وَضَرَّسَتِ الْبَلُّورَ بِالدُّرَرِ

لِاٰخَرَ

سَأَلْتُهَا عَنْ فُؤَادِي اَيْنَ مَوْضِعُهُ * فَاِنَّهُ ضِلَّ عَنِّي عِنْدَ مَسْرَاهَا
قَالَتْ لَدَيْنَا قُلُوبٌ جَمَّةٌ جُمِعَتْ * فَأَيُّهَا اَنْتَ تَعْنِي قُلْتُ اَشْقَاهَا

لِابْنِ خَفَّاجَةَ

وَمُهَفْهَفٍ طَاوِى الْحَشَى * خَنِثِ الْمَعَاطِفِ وَالنَّظَرْ
مَلَأَ الْعُيُونَ بِصُوْرَةٍ * تُلِيَتْ مَحَاسِنُهَا سُوَرْ

فَاِذَا دَنَا وَاِذَا مَشَى * وَاِذَا شَدَا وَاِذَا سَفَرْ
فَضَحَ الْغَزَالَةَ وَالْغَمَامَةَ * وَالْحَمَامَةَ وَالْقَمَرْ

لِبَعْضِهِمْ وَقَدْ اَحَاطَ بِالْحُبِّ كُلِّه

رَأَى فَحَبَّ فَرَامَ الْوَصْلَ فَامْتَنَعُوْا * فَسَامَ صَبْرًا فَأَعْيَا نَيْلُهُ فَقَضَي

(كېيىن) جۇدالىق چېكىگە چىققان كۆڭلى مۇھاسىرىدە قالغان كىشى پۇشايمان يەپ بارمىقىنى چىشلىگىنىدەك بارماق چىشلەپ، قارا كىيىم (ماتەم كىيىمى) كىيىپ يېتىپ كەلدى. سۈبھى ئۈستىدە (يەنە بىر كېچە) پەيدا بولىدى. بۇ ئىككىسىنى بىر نوتا (مەھبۇبنىڭ قامىتى) كۆتۈرۈۋالغانىدى. ئۇ گۆھەر بىلەن قاشتېشىنى چىشلىدى (يەنى گۆھەر-مەرۋايىتقا ئوخشايدىغان چىشلىرى بىلەن قاشتېشىغا ئوخشايدىغان سۆزلۈك بارماقلىرىنى چىشلىدى).

**بىر دانانىڭ سۆزى:**

مەن ئۇ مەھبۇبتىن مېنىڭ يۈرىكىم ھەققىدە «ئۇنىڭ ئورنى قەيەردە؟ ئۇ يولدىن ئېزىقىپ كەتتى» دەپ سورىسام، ئۇ: «بىزدە يىغىپ قويۇلغان نۇرغۇن يۈرەكلەر بار، سىز قايسىسىنى دېمەكچىسىز؟» دېدى. مەن «(شۇ يۈرەكلەر ئىچىدىكى) ئەڭ بەختسىزىنى» دېدىم.

**ئىبنى خەففاجەنىڭ سۆزى:**

(ئۇ تەڭداشسىز) غۇنچە بويى نازاكەتلىك قامىتى ۋە يېقىشلىرى نازۇك مەھبۇبتۇر. كۆزلىرىنى شۇنداق سۈرەتلەر بىلەن توشقۇزۇۋېتىدۇكى، ئۇنىڭ (سۈرىتىنىڭ) گۈزەل جايلىرى (خۇددى) سۈرىلەردەك (سۈرىدەك لاتاپەتلىك) ئوقۇلىدۇ. ئۇ قارىسا، ماڭسا، شېئىر ئوقۇسا، چىراي ئاچسا، كىيىكنى (قاراشتا)، بۇلۇتنى (مېڭىشنىڭ سىلىقلىقىدا)، كەپتەرنى خۇش (ئاۋازلىقتا)، ئايىنى (سۈزۈكلۈكتە) خىجىل قىلىدۇ.

**بىر دانانىڭ سۆزى:**

ئۇ كۆردى-دە، ياخشى كۆرۈپ قېلىپ ۋىسال ئىزدىدى. ئۇلار قوشۇلمىدى. سەۋر قىلىپ زېرىكتى. ئارزۇلىرىغا يېتىشتىن ئاجىزلىق قىلدى. ئۇنى ھارغۇزۇپ قويدى. ئاخىرىدا (مەغلۇپ) بولۇپ ئۆلدى.



www.uyghurkitap.com

## لِشَيْخِ شِهَابِ الدِّيْنِ السَّهْرَ وَرْدِيِّ

أَيَاتُ قِيَامَةِ الْهَوَى لِي ظَهَرَتْ * قَبْلِي سَتَرَتْ وَفِي زَمَانِي اشْتَهَرَتْ
هَذَا كَبِدِي اذَا السَّمَاءُ انْفَطَرَتْ * شَوْقًا وَكَوَاكِبُ الدُّمُوْعِ انْتَثَرَتْ

## لِلتَّجَلِّيِّ الْمُجَلِّي

فَدَيْتُكَ لاَتُرِدْ صَرْمًا لِحَبْلِي * فَلاَيَكُ لِلسَّفِيْنِ لَكَ الرُّكُونُ
فَانْ تَكُ مِنْ رُكُوبِ الْبَحْرِ تَبْغِي * عَجَائِبَهُ الَّتِي فِيْهِ تَكُونُ
فَاَعْجَبُ مِنْ عَبَابِ الْبَحْرِ دَمْعِي * وَاَغْرَبُ مِنْ سَفَائِنِهِ الْعُيُوْنُ
فَتِلْكَ السُّفُونُ بَيْنَ الْبَحْرِ تَجْرِى * وَهَذَا الْبَحْرُ مَجْرَاهُ السَّفِيْنُ

## وَلَهُ اَيْضًا

اَبْدَتْ وَجْهًا وَاَظْهَرَتْ لِي شَعْرًا * دَمْعِي نَثْرًا وَعَلَّمَانِي الشِّعْرَا
فَالْقَلْبُ هَوَى يَسْجُدُ كَالنَّجْمِ هَوَى * سُبْحَانَكَ ذَا الْجَلاَلِ رَبِّ الشِّعْرَى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

**شىھا بۇددىنىڭ سۆزى:**

سۆيگۈ قىيامىتىنىڭ پەيدا بولۇشىنىڭ ئالامەتلىرى مەندە كۆرۈلدى. (بۇ ئىش) مەندىن بۇرۇن مەخپىي ئىدى. مېنىڭ دەۋرىمدە مەشھۇر بولدى. مانا بۇ مېنىڭ يۈرىكىم ئىشتىياق سەۋەبىدىن ئاسماندەك يېرىلدى. ياشلىرىمنىڭ يۇلتۇزى چېچىلدى. (بۇ شېئىردىكى ئاسمان يېرىلىش، يۇلتۇزلار چېچىلىش دېگەنلەر سۈرە ئىنفىتاردىكى ئاسماننىڭ يېرىلىشى ۋە يۇلتۇزلارنىڭ چېچىلىشىدىن ئىبارەت قىيامەت كۈنىنىڭ قورقۇنچلۇق ئىشلىرىدىن ئېلىنغان.)

**تەجەللى مۇجەللىنىڭ سۆزى:**

ساقا جېنىم پىدا بولسۇن، مېنىڭ ئارغامچامنى ئۈزمەكچى بولما. مېنى تاشلاپ كەتمىگىن. شۇنداقلا، سەن كېمە تەرەپكىمۇ بۇرالمىغىن. ئەگەر سەن كېمىگە چىقىشتىن، دېڭىزدىكى قىزىقارلىق مەنزىرىلەرنى (كۆرۈشنى) ئىزدىسەڭ، دەريانىڭ دولقۇنلىرىدىن مېنىڭ يېشىم تېخىمۇ قىزىقارلىق، ئۇنىڭدىكى كېمىلەردىن كۆزلىرىم ئاجايىپتۇر. ئۇ كېمىلەر دېڭىزدا ماڭىدۇ، ماۋۇ دېڭىز بولسا، (كۆز يېشىم). ئۇنىڭ ئاقىدىغان ئورنى كېمىدىدۇر.

**تەجەللىنىڭ سۆزى:**

ئۇ جامالىنى نامايان قىلدى. چاچلىرىنى ئاشكارا قىلدى. ئۇ ئىككىسى مېنىڭ يېشىمنى تۆكتى ۋە ماڭا شېئىر يېزىشنى ئۆگەتتى. قەلبىم ساقىغان يۇلتۇزغا ئوخشاش پەسكە چۈشتى. ئەي (بۇ گۈزەللىكنى ياراتقان) شېئىرا يۇلتۇزىنىڭ پەرۋەردىگارى، بۈيۈك سەلتەنەت ئىگىسى! سەن ئەيىبلەردىن، نۇقسانلاردىن پاكتۇرسەن دەپ سەجدە بەجا كەلتۈردى.

# اَلْبَابُ السَّادِسُ فِي الْعِتَابِ

لِلْمُتَنَبِّي

اَرَى ذَالِكَ الْقُرْبَ صَارَ ازْوِرَارًا * وَصَارَ طَوِيْلُ السَّلاَمِ اِخْتِصَارًا
تَرَكْتَنِي الْيَوْمَ فِي خَجْلَةٍ * اَمُوْتُ مِرَارًا وَأَحْيَ مِرَارًا

أُسَارِقُكَ اللَّحْظَ مُسْتَحْيِيًا * وَاَزْجُرُ فِي الْخَيْلِ مُهْرِي سِرَارًا
وَاَعْلَمُ اَنِّي اِذَا مَا اعْتَذَرْتُ * اِلَيْكَ اَرَادَ اعْتِذَارِى اِعْتِذَارَا

وَلَهُ

اَبِعَيْنِ مُفْتَقِرٍ اِلَيْهِ نَظَرْتَنِي * فَاَهَنْتَنِي وَقَذَفْتَنِي مِنْ حَالِقِ
لَسْتَ الْمَلُومَ اَنَا الْمَلُومُ لِاَنَّنِي * اَنْزَلْتُ اَمَالِي بِغَيْرِ الْخَالِقِ

لِبَعْضِهِمْ

عَرَضْنَا اَنْفُسًا عَزَّتْ عَلَيْنَا * عَلَيْكُمْ فَاسْتَخَفَّ بِهَا الْهَوَانُ
وَلَوْ اَنَّا مَنَعْنَاهَا لَعَزَّتْ * وَلَكِنْ كُلُّ مَعْرُوْضٍ مُهَانُ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 6. باب كايىش ھەققىدە

**مۇتەنەببىنىڭ سۆزى:**

مېنىڭ قارىشىمچە، ئۇ يېقىنلىق يىراقلىشىشقا، ئۇزۇن سالاملىرىمىز قىسقىراشقا يۈزلەندى. سەن بۈگۈن مېنى شۇنداق خىجىللىقتا قويدۇڭكى، مەن نەچچە ئۆلۈپ، نەچچە تىرىلدىم. مەن خىجىل بولغانلىقىمدىن ساڭا ئوغرىلىقچە قارىۋالاتتىم، ئاتلار ئىچىدە ئۆزۈمنىڭ تايچىقىنى يوشۇرۇنچە چاپتۇرۇۋالاتتىم. ماڭا شۇ ئايان ئىدىكى، مەن ئەگەر ساڭا ئۆزرە ئېيتسام، مېنىڭ ئۆزرە ئېيتىشىم باشقا ئۆزرە ئېيتىشلارنى قوبۇل قىلىشىمنى تەلەپ قىلاتتى.

**مۇتەنەببىنىڭ سۆزى:**

سەن موھتاجغا باشپاناھ بولغۇچىنىڭ كۆزى بىلەن ماڭا باقتىڭمۇ؟ مېنى ھاقارەتلەپ يار ئۈستىدىن ئىتتىرىۋەتتىڭمۇ؟ سەن ئەيىبلىنىشكە تېگىشلىك ئەمەس بەلكى مەن. چۈنكى، مەن ئارزۇلىرىمنى ياراتقۇچىدىن باشقىسىغا چۈشۈرگەن (ھەل قىلىپ بېرىشنى تىلىگەن) مەن.

**بىر دانانىڭ سۆزى:**

بىز ئۆزىمىزنى قەدىرلەپ (ئاسرايدىغان كىشىلىرىمىزنى) سىلەرگە كۆرسىتىۋېدۇق. سىلەر (ئۇلارنى) كۆزگە ئىلمىدىڭلار. ئەگەر بىز ئۇلارنى چەكلىگەن بولساق (سىلەر بىلەن ئۇچراشتۇرمىغان بولساق)، ئۇلار قەدىرلىك بولار ئىدى. دەر ھەقىقەتكى، ھەر قانداق (بىكارغا) بېرىلگۈچى كەمسىتىلىدۇ.

## لِمَنْصُوْرِ الْفِقْهِيِّ

سَرَرْتُ بِحَجْرِكَ لَمَّا عَلِمْتُ * اَنَّ لِقَلْبِكَ فِيْهِ سُرُوْرًا
وَلَوْلاَ سُرُورُكَ مَا سَرَّنِي * وَلاَكُنْتُ يَوْمًا عَلَيْهِ صَبُورًا

لِاَنِّي اَرَاى كُلَّ مَا سَاءَنِي * اِذَا كَانَ يُرْضِيْكَ سَهْلاً يَسِيْرًا

## لِابْنِ زَيْدُوْنَ

بَنِي جَهْوَرٍ اَحْرَقْتُمْ بِجَفَائِكُمْ * جَنَانِي فَمَا بَالُ الْمَدَائِحِ تَعْبَقُ
تُعِدُّوْنَنِي كَالْعَنْبَرِ الْوَرْدِ اِنَّمَا * تَطِيْبُ لَكُمْ اَنْفَاسُهُ حِيْنَ يُحْرَقُ

## لِنَاصِحِ الدِّيْنِ

وَمِنَ الدَّلِيْلِ عَلَي مَلاَلِكَ اَنَّنِي * قَدْ غِبْتُ اَيَّامًا وَمَالِي طَالِبُ
وَاِذَا رَأَيْتَ الْعَبْدَ يَهْرِبُ ثُمَّ لَمْ * يُطْلَبْ فَمَوْلَي الْعَبْدِ مِنْهُ هَارِبُ

## لِابْنِ الْخَيَّاطِ

رَأَيْتُكَ لَمَّا شُمْتُ بَرْقَكَ خَالِيًا * وَمَا اَرَبِي فِي عَارِضٍ لَيْسَ يُمْطِرُ
فَاَخْطَأَنِي مِنْكَ الَّذِي كُنْتُ اَرْتَجِي * وَاَدْرَكَنِي مِنْكَ الَّذِي كُنْتُ اَحْذَرُ

www.uyghurkitap.com

### مەنسۇرۇل فەقىھنىڭ سۆزى:

مەن (ئايرىلساق) سېنىڭ قەلبىڭگە شادلىقنىڭ مەنسۇپ بولغانلىقىنى بىلگىنىمدە جۇدالىقتىن ناھايىتى خۇرسەن بولدۇم. ئەگەر سېنىڭ خۇشاللىقىڭ بولمىسا، (بۇ ھىجران) مېنى خۇشال قىلالمايتتى مەن بىر كۈنمۇ سەۋرى قىلىپ بولالمايتتىم. خۇشال بولۇشۇمنىڭ سەۋەبى شۇكى، مەن سېنى رازى قىلىدىغانلا بولسام، مېنى ئازابلايدىغان ھەرقانداق نەرسىنى ئاسان دەپ بىلىمەن.

### ئىبنى زەيدنىڭ سۆزى:

ئەي جەھۇر ئوغلانلىرى، سىلەر خاپىلىقىڭلار بىلەن مېنىڭ ئىچ باغرىمنى كۆيدۈردۈڭلار. مەدھىيە ۋە ئالقىشلارنىڭ چاپلىشىپ قالغىنى نېمىسى؟ (سىلەر خاپىلىقلار بىلەن مېنىڭ يۈرىكىمنى ئۆرتىدىڭلار. شۇنداق تۇرۇپ مەن يەنە نېمە ئۈچۈن سىلەرنى مەدھىيىلەيمەن؟. سىلەر مېنى گۈلى ئەنبەرگە ئوخشاش دەپ بىلىسىلەر. ھالبۇكى، شۇ ئەنبەرنىڭ خۇش پۇرىقى پەقەت كۆيگەندىلا چىقىدۇ.

### ناسىھىددىننىڭ سۆزى:

سېنىڭ مالال بولغانلىقىڭنى ئىپادىلەيدىغان نەرسە شۇنىڭدىن ئىبارەتكى، مەن بىرنەچچە كۈن يوقاپ كېتىۋېدىم مېنى ئىزدەيدىغان كىشى چىقمىدى. ئەگەر سەن بىر قۇلنىڭ قېچىپ كېتىۋاتقانلىقىنى بىلسەڭ، كېيىن ئۇنىڭ ئىز- دېرىكى قىلىنمىسا، دېمەكچى، بۇ قۇلنىڭ خوجايىنىنىڭمۇ ئۇنىڭدىن قاچقانلىقىنى بىلدۈرىدۇ.

### ئىبنى خەيياتنىڭ سۆزى:

سېنىڭ يامغۇرسىز چاقماقلىرىڭغا قاراپ مەن سېنىڭ (ئەسلىي قىياپىتىڭنى) بىلدىم. مېنىڭ يامغۇرى يوق بۇلۇتقا نېمە ئېھتىياجىم بولسۇن؟! قىسقىسى، مەن سەندىن كۈتكەنلىرىمگە ئېرىشەلمەي، مەن ھەزەر قىلغان نەرسىگە دۇچار بولدۇم.

## لِبَعْضِ الْاَفَاضِلِ

دَعَوْتُ اللّٰهَ اَنْ تَسْمُوَ وَتَعْلُوَ * عُلُوَّ النَّجْمِ فِي أُفُقِ السَّمَاءِ

فَلَمَّا اَنْ سَمَوْتَ بَعَدْتَ عَنِّي * فَكَانَ اِذًا عَلَي نَفْسِي دُعَائِي

بىر دانانىڭ سۆزى:

مەن ئەللاھدىن ئاسماندىكى يۆلتۆزنىڭ ئۆستۆن بولغىنىدەك، سېنىڭ ئۆستۆن ۋە ئالىي بولۇشۇڭنى تىلىدىم. سەن ئۆستۆن بولۇشۇڭ بىلەنلا مەندىن يىراقلاپ كەتتىڭ. دېمەك، بۇ تىلىكىم ئۆزۈمگە زىيان ئېلىپ كەلدى.

# اَلْبَابُ السَّابِعُ فِي الزَّهْرِ

## لِابْنِ النُّبَيْه

رَوْضَةٍ وَجْنَاتِ الْوَرْدِ قَدْ خَجلَتْ * فِيْهَا ضُحًي وَعُيُونُ النَّرْجِسِ انْفَتَحَتْ
تَشَاجَرَ الطَّيْرُ فِي اَفْنَانِهَا سَحَرًا * وَمَالَتِ الْقَضْبُ لِلتَّعْنِيْقِ وَاصْطَلَحَتْ

وَالْقَطْرُ قَدْ رُشَّ ثَوْبَ الدَّوْحِ حِيْنَ رَأَى * مَجَامِرَ الزَّهْرِ فِي اَذْيَالِهِ نَفَحَتْ

## لِصَفِيِّ الدِّيْنِ

زَنْبَقٌ بَيْنَ قَضْبِ آسٍ وَبَانٍ * وَاَقَاحٍ وَنَرْجِسٍ وَوُرُودِ
كَجَبِيْنٍ وَعَارِضٍ وَقَوَامٍ * وَثُغُورٍ وَاَعْيُنٍ وَخُدُودِ

## وَلَهُ اَيْضًا

وَرَدَ الرَّبِيْعُ فَمَرْحَبًا بِوُرُوْدِهِ * وَبِنُوْرِ بَهْجَتِهِ وَنَوْرِ وُرُوْدِهِ
وَبِحُسْنِ مَنْظَرِهِ وَطِيْبِ نَسِيْمِهِ * وَاَنِيْقِ مَلْبَسِهِ وَوَشْيِ بُرُوْدِهِ

فَصْلٌ اِذَا افْتَخَرَ الزَّمَانُ فَاِنَّهُ * اِنْسَانُ مُقْلَتِهِ وَبَيْتُ قَصِيْدِهِ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

# 7. باب گۈل ھەققىدە

**ئىبنى نۇبەيھىنىڭ سۆزى:**

ئۇ تەڭداشسىز بىر باغدۇركى، چاشكا قۇياشى ئۇ باغدىكى گۈل شاخلىرى ئالدىدا خىجىللىقتا چۆمدۇ. پىياز گۈلىنىڭ كۆزلىرى ئېچىلىدۇ. سەھەر ۋاقتىدا ئۇنىڭ شاخلىرىدا قۇشلار سايرىشىدۇ. دەرەخ شاخلىرى ئالدىدا گىرەلىشىش ئۈچۈن ئىرغاڭلىشىدۇ. يەنە ئەسلىگە قايتىدۇ. چوڭ دەرەخلەرنىڭ يوپۇرماقلىرىغا چۈشكەن يامغۇر دەرەخ تۈۋىدىكى گۈلنىڭ غۇنچىلىرى خۇش پۇراق تارتقانلىقىنى كۆرۈپ (دەرەخ يوپۇرماقلىرى ۋە گۈلگە قاراپ) ئاقىدۇ.

**سەفىيۇددىنىنىڭ سۆزى:**

قارغاي، شەمشاد، كاپكاپ، پىياز گۈلى ۋە قىزىل گۈللەر ئارىسىدىكى ياسىمەن گۈلى ھەممىسى (مەھبۇبىنىڭ) پېشانە، ماڭلاي چېچى، قامەت، لەۋ، كۆز ۋە مەڭزىگە ئوخشاشتۇر.

**سەفىيۇددىنىنىڭ سۆزى:**

باھار كەلدى. ئۇنىڭ كەلگەنلىكىگە، يارقىن نۇرى ۋە كەلگەنلىكىدىن (دېرەك بېرىدىغان) گۈل - چېچەكلىرىگە، ئۇنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىگە، خۇش پۇراق، مەيىن شامىلىغا، ئۇنىڭ كۆركەم لىباسىغا رەڭگارەڭ تونلىرىغا مەرھابا. ئۇ بىر پەسىلدۇركى، ئەگەر زامان پەخىرلەنگۈدەك بولسا، باھار ئۇ زامانىنىڭ كۆزىنىڭ قارىسى ۋە مەدھىيە نامىدۇر.

يُغْنِي الْمِزَاجَ عَنِ الْعِلاَجِ نَسِيْمُهُ * بِاللُّطْفِ عِنْدَ هُبُوْبِهِ وَرُكُوْدِهِ

يَا حَبَّذَا اَزْهَارُهُ وَثِمَارُهُ * وَنَبَاتُ نَاجِمِهِ وَحَبُّ حَصِيْدِهِ
وَتَجَاوُبُ الْاَطْيَارِ فِي اَشْجَارِهِ * كَبَنَاتِ مَعْبَدٍ فِي مَوَاجِبِ عُوْدِهِ

لِعَلِيِّ بْنِ سَعِيْدِ الْاَنْدُلسِي

كَاَنَّمَا النَّهْرُ صَفْحَةٌ كُتِبَتْ * اُسْطُرُهَا وَالنَّسِيْمُ مُنْشِئُهَا
لَمَّا اَبَانَتْ عَنْ حُسْنِ مَنْظَرِهَا * مَالَتْ اِلَيْهِ الْغُصُوْنُ تَقْرَأُهَا

لِبَعْضِهِمْ

سَاَلْتُ الْغُصْنَ لِمَ تَعْرَى شِتَاءً * وَتَبْدُوْ فِي الْمَصِيْفِ وَاَنْتَ كَاسٍ
فَقِيْلَ لِيَ الرَّبِيْعُ عَلَي قُدُوْمٍ * خَلَعْتُ عَلَي الْبَشِيْرِ بِهِ لِبَاسِي

لِابْنِ الْمُعْتَزِّ

قَضِيبٌ مِنَ الرَّيْحَانِ شَابَهَ لَوْنُهُ * اِذَا مَابَدَا لِلْعَيْنِ لَوْنَ الزُّمُرَّدِ
وَشَبَّهْتُهُ لَمَّا تَأَمَّلْتُ حُسْنَهُ * عِذَارًا تَدَلَّي فِي عَوَارِضِ اَمْرَدِ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

باھارنىڭ مەيىن شامىلى چىقىقان ۋە توختىغان ۋاقىتلىرىدا ئەللاھنىڭ لۇتفى بىلەن ئادەمنىڭ مىجەزىنى داۋالاشتىن بىھاجەت قىلىدۇ. ئاھ ئۇنىڭ ئېسىل گۈللىرى، مېۋىلىرى رەڭدار ئۆسۈملۈكلىرى ۋە پىشىپ كەتكەن ئاشلىقلىرى، دەرەخلىرىدىكى قۇشلارنىڭ سايراشلىرى خۇددى ئۇد كۆيلىرىدىكى مەئبەدىنىڭ (ئاتاقلىق سەنئەتكار) قىزلىرىغا ئوخشاش بولۇپ، (بۇلار) نەقەدەر ئېسىل- ھە!

**ئەلى ئىبنى سەئىد ئىسپانىيىنىڭ سۆزى:**

دەريا گوياكى قۇرلىرىغا خەت يېزىلغان بىر قەغەزدۇركى، ئۇنى ۋۇجۇدقا كەلتۈرگۈچى شامالدۇر. ئۇ قۇرلار ئۆزىنىڭ گۈزەل مەنزىرىسىنى نامايان قىلغاندا دەرەخ شاخلىرى ئۇنى ئوقۇش ئۈچۈن ئىگىلگەندۇر (دەريا ۋە قىرغاقتىكى دەرەخلەر مۇشۇنىڭغا ئوخشىشىدۇ.)

**بىر دانانىڭ سۆزى:**

مەن دەرەخ شاخلىرىدىن «نېمە ئۈچۈن قىشتا يالىڭاچ بولۇۋېلىپ، يازدا كىيىم كىيىپ ئوتتۇرغا چىقىسەن؟» دەپ سورىسام، ئۇ شاخ (كۆزدە) باھار كېلىش ئالدىدا دەپ خۇش خەۋەر ئاڭلاپ، خەۋەر قىلغۇچىغا سۆيۈنچە قىلىپ كىيىمىمنى بېرىۋەتكەنمەن دېدى.

**ئىبنى مۇئتەزنىڭ سۆزى:**

ئۇ بىر گۈل شېخىدۇركى بىر قاراشتا، ئۇنىڭ رەڭگى كۆپكۆك زۇمرەت تېشىنىڭ رەڭگىگە ئوخشايدۇ. مەن ئۇنىڭ ھۆسنىنى خىيال قىلسام، شاش ئاتنىڭ پېشانىسىدىكى (كۆز تەگمىسۇن ئۈچۈن ئېسىپ قويۇلغان) تۆۋەنگە چۈشۈپ تۇرغان چېكە چاچقا ئوخشاپ كەتتى.

### لِعَلِيّ بْنِ رُسْتُم

وَالطَّلُّ فِي سِلْكِ الْغُصُوْنِ كَلُؤْلُؤٍ * رَطْبٍ يُصَافِحُهُ النَّسِيْمُ فَيُسْقِطُ
وَالطَّيْرُ تَقْرَأُ وَالْغَدِيْرُ صَحِيْفَةٌ * وَالرِّيْحُ يَكْتُبُ وَالْغَمَامُ يُنَقِّطُ

### لآخَرَ

وَوَرْدَةٍ جَمَعَتْ لَوْنَيْنِ قَدْ حَكَيَا * خَدَّيْ حَبِيْبٍ وَخَدَّيْ هَائِمٍ عَشِقَا
تَعَانَقَا وَبَدَا وَاشٍ فَرَاعَهُمَا * فَاحْمَرَّ ذَا خَجَلاً وَاصْفَرَّ ذَا فَرَقًا

### لِأَبِي الْفِرَاسِ

وَيَوْمٍ جَلاَ فِيْهِ الرَّبِيْعُ رِيَاضُهُ * بِأَنْوَاعِ حُلْيٍ فَوْقَ أَثْوَابِهِ الْخُضْرِ
كَأَنَّ ذُيُوْلَ الْجُلّنَارِ مُطَلَّةٌ * فُضُوْلُ ذُيُوْلِ الْغَانِيَاتِ مِنَ الْأَزْرِ

جَاءَ الرَّبِيْعُ بِبِيْضِهِ وَبِسُوْدِهِ * صِنْفَانِ مِنْ سَادَاتِهِ وَعَبِيْدِهِ
جَيْشٌ ذَوَابِلُهُ الْغُصُوْنُ وَفَوْقَهَا * اَوْرَاقُهَا مَنْشُوْرَةٌ كَبُنُوْدِهِ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com

**ئەلى ئىبنى رۇستەمنىڭ سۆزى:**

ھۆل شاختىن ئىبارەت يىپقا ئۆتكۈزۈلگەن شەبنەم ھۆل ئۈنچىگە ئوخشاشتۇر. مەيىن شامالنىڭ ئۇ شاختا تېگىشى بىلەن شەبنەم (سىياھ بولۇپ) يەرگە چۈشىدۇ. قۇش سايراپ ئوقۇيدۇ. كۆل قەغەز بولۇپ شامال خەت يازىدۇ. بۇلۇت چېكىت قويىدۇ.

**بىر دانانىڭ سۆزى:**

گۈل ئىككى رەڭنى (ئىككى رەڭ قىزىل ۋە سېرىقنى كۆرسىتىدۇ.) ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇ ئىككى رەڭ گىرەلىشىپ قالغان مەھبۇبىنىڭ مەڭزى بىلەن ئىشقىدا سەرسان بولغان ئاشىقنىڭ مەڭزىنى سۈرەتلەپ بېرىدۇ. دەل شۇ چاغدا، بىر چېچەكچى ئوتتۇرىغا چىقىپ ئىككىسىگە تەھدىت سالدى. بىرى خىجىللىقتىن قىزىرىپ كەتسە، بىرى قورققانلىقتىن سارغىيىپ كەتتى.

**ئەبۇل فىراسنىڭ سۆزى:**

(بۇ كۈنلەر) باھار ۋە باھارنىڭ گۈزەللىكلىرى يېشىل تونى ئۈستىگە زىننەتلەرنى تاقاپ جىلۋە قىلغان كۈندۇر. ئانار گۈلى ۋە ئانار گۈلىنىڭ بەرگى گۈزەللىكتە ئۈستۈنلۈكى قىزلارنىڭ كۆڭلىكىنىڭ ئېتىكىنى ئەسلىتىدۇ.

**ئىبنى سەھلىنىڭ سۆزى:**

باھار ئېقى ۋە قارىسى (شېئىردىكى ئاق-قارا كېچە بىلەن كۈندۈزنى، قول ۋە خوجايىن، گۈل ۋە ياپراقلارنى كۆرسىتىدۇ.) ئۆزىنىڭ خوجايىن ۋە قۇللىرىدىن ئىبارەت ئىككى تۈركۈم كىشىنى ئېلىپ كەلدى. (باھار) بىر توپ ئەسكەرلەردۈركى، ئۇنىڭ نوتىلىرى نەيزىلەردۇر. ئۇنىڭ ئۈستىدىكى يوپۇرماقلىرى بايراقلارغا ئوخشاش تارقاقلاشتۇرۇلغان.

# اَلْبَابُ الثَّامِنُ فِي الرِّثَاءِ

لِعَاتِكَةَ بِنْتِ زَيْدِ بْنِ عَمْرِوبْنِ نُفَيْلٍ فِي سَيِّدِنَا اَمِيْرِ الْمُؤْمِنِيْنَ عُمَرَ الْفَارُوْقِ رَضِيَ اللّٰهُ عَنْهُ

عَيْنُ جُوْدِى بِعَبْرَةٍ وَنَحِيْبِ * لَاتَمَلِّي عَلَي الْاِمَامِ الصَّلِيْبِ
فَجَّعَتْنِي الْمَنُوْنُ بِالْفَارِسِ الْمُ * عْلَمْ يَوْمَ الْهِيَاجِ وَالتَّأْنِيْبِ

عِصْمَةُ الدِّيْنِ وَالْمُعِيْنُ عَلَي الدَّهْـ * رِوَغَيْثُ الْمَلْهُوْفِ وَالْمَكْرُوْبِ
قُلْ لِاَهْلِ الضَّرَّاءِ وَالْبُؤْسِ مُوْتُوا * اِذْ سَقَتْنَا الْمَنُونُ كَأسَ شُعُوبِ

لِكَعْبِ بْنِ مَالِك فِي رِثَاءِ سَيِّدِنَا عُثْمَانَ رَضِيَ اللّٰهُ عَنْهُ

فَكَفَّ يَدَيْهِ ثُمَّ اَغْلَقَ بَابَهُ * وَاَيْقَنَ اَنَّ اللّٰهَ لَيْسَ بِغَافِلِ
وَقَالَ لِاَهْلِ الدَّارِ لَاتَقْتُلُوْهُمْ * عَفَا اللّٰهُ عَنْ كُلِّ امْرِئٍ لَمْ يُقَاتِلِ
فَكَيْفَ رَأَيْتَ اللّٰهَ صَبَّ عَلَيْهِمُ * الْعَدَاوَةَ وَالْبَغْضَاءَ بَعْدَ التَّوَاصُلِ
وَكَيْفَ رَأَيْتَ الْخَيْرَ اَدْبَرَ بَعْدَهُ * عَنِ النَّاسِ اِدْبَارَ الرِّيَاحِ الْجَوَافِلِ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 8. باب مەرسىيىلەر

**زەيد ئىبنى ئەمىر ئىبنى نۇفەيل قىزى ئاتىكەنىڭ مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرى ئۆمەر فارۇق ھەققىدىكى مەرسىيىسى:**

مېنىڭ سىبخىي كۆزۈم دارغا ئېسىلغان ئىمامغا (سۈيىقەسىت قىلىنغان ئىمامغا قايغۇرۇپ) ياش تۆكۈپ يىغلاش بىلەن زېرىكمىگەن. ئۇلۇم پاتپاراقچىلىق ۋە قالايمىقانچىلىق كۈنىدە (ئىمام سۈيىقەستكە ئۇچرىغان كۈندە) مېنى بايراق تۇتقان بىر ئاتلىق چىۋەنداز بىلەن خاترجەمسىزلەندۈرۈپ (ماڭا قوراللىق دۈشمەندەك ھۇجۇم قىلىپ) ئارامىمنى بۇزدى.

(بۇ كىشى) دىنىنىڭ باشپاناھى، دەۋرگە قارشى، (دەۋر ھادىسىلىرىگە قارشى) ياردەم بەرگۈچى غەمكىنلەرنىڭ ۋە ئازاب چەككۈچىلەرنىڭ ھالىغا يەتكۈچى (كىشى ئىدى) زىيان ۋە قىيىنچىلىقتا قالغانلارغا دېگىنكى «(ئەمدى) ئۆلۈڭلار بىزنى ئۆلۈم بۆلۈنۈش قەدەھلىرى بىلەن سۇغاردى.»

**كەئب ئىبنى مالىكنىڭ ئوسمان رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ھەققىدىكى مەرسىيىسى:**

ئۇ قولىنى يىغىپ ئىشىكنى تاقىدى ۋە ئەللاھنىڭ غاپىل ئەمەسلىكىگە ئىشەنچ قىلغان ھالدا ھويلىدىكىلەرگە (مۇھاپىزەتچىلەرگە) ئۇلارنى ئۆلتۈرمەڭلار، ئەللاھ ئۇرۇش قىلمىغانلارنىڭ گۇناھىنى مەغپىرەت قىلسۇن دېدى. كېيىنچە سەن ئەللاھنىڭ كىشىلەر ئارىسىدىكى قېرىنداشلىق مۇناسىۋىتىنى يوقىتىپ، ئۇنىڭ ئورنىغا ئاداۋەت ۋە ئۆچمەنلىكنى ياندۇرغانلىقىنى كۆردۈڭ، كېيىن قانداق بولدى؟ ئۇ كىشى (ئوسمان ئۆلگەندىن) كېيىن ياخشىلىقنىڭ كىشىلەردىن بوران قايىتقاندەك قايتىپ كەتكەنلىكىنى كۆردۈڭ.

## لِأَبي الْأَسْوَدِ الدُّئلي يَرْثي سَيِّدَنَا عَلِيًّا رَضِيَ اللهُ عَنْهُ

اَلاَ يَا عَيْنُ وَيْحكَ اَسعدِيْنَا * اَلاتَبْكِي اَمِيْرَ الْمُؤْمنِيْنَا
وَتَبْكِي اُمُّ كُلْثُومٍ عَلَيْهِ * بِعَبْرَتِهَا وَقَدْ رَأَتِ الْيَقِيْنَا

اَلاَ قُلْ لِلْخَوَارِجِ حَيْثُ كَانُوا * فَلاَ قَرَّتْ عُيُونُ الْحَاسدِيْنَا
اَفِي شَهْرِ الصِّيَامِ فَجَعْتُمُوْنَا * بِخَيْرِ النَّاسِ طُرًّا اَجْمَعِيْنَا

قَتَلْتُمْ خَيْرَ مَنْ رَكبَ الْمَطَايَا * وَذَلَّلَهَا وَمَنْ رَكبَ السَّفِيْنَا
وَمَنْ لَبِسَ النِّعَالَ وَمَنْ حَذَاهَا * وَمَنْ قَرَأَ الْمَثَانِيَ وَالْمُبِيْنَا

وَكُلُّ مَنَاقِبِ الْخَيْرَاتِ فِيْهِ * وَحبُّ رَسُوْلِ رَبِّ الْعَالَمِيْنَا
لَقَدْ عَلِمَتْ قُرَيْشٌ حَيْثُ كَانَتْ * بِاَنَّهُ خَيْرُهُمْ حَسَبًا وَدِيْنًا

اِذَا اسْتَقْبَلْتَ وَجْهَ أَبِي حُسَيْنٍ * رَأَيْتَ الْبَدْرَ فَوْقَ النَّاظِرِيْنَا
وَكُنَّا قَبْلَ مَقْتَلِهِ بِخَيْرٍ * نَرَى مَوْلَي رَسُوْلِ اللهِ فِيْنَا

يُقِيْمُ الْحَقَّ لاَيَرْتَابُ فِيْهِ * وَيَعْدلُ فِي الْعِدَى وَالْاَقْرَبِيْنَا
وَلَيْسَ بِكَاتِمٍ عِلْمًا لَدَيْهِ * وَلَمْ يُخْلَقْ مِنَ الْمُتَكَبِّرِيْنَا

www.uyghurkitap.com

**ئەبۇلئەسۋەددۇئلى نىڭ ئەلى رەزىيەللاھۇئەنھۇ ھەققىدىكى مەرسىيىسى :**

ئەي كۆز ۋاي ساڭا، (يىغلاش بىلەن) بىزنى بەختلىك قىلمامسەن؟ مۆئمىنلەرنىڭ ئەمىرىگە يىغلىمامسەن؟ ئۇممۇ كۇلسۇممۇ ئۆلۈمنى كۆرۈپ ياش تۆكۈپ يىغلاپ كەتتى. (سەن يىغلىمامسەن؟) ئېسىڭدە تۇتقىنكى، خاۋارىجلارغا قەيەردە بولسۇن يەتكۈزۈپ قوي. بىزنى كۆرەلمەسلەرنىڭ كۆڭلىگە خۇشاللىق يېقىن بولمىسۇن. سىلەر (ئەي خاۋارىجلار) رامزان ئېيىدا ئىنسانلارنىڭ ئىچىدىكى كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىغا (زىيانكەشلىك) قىلىش بىلەن بىزنى بىئارام قىلامسىلەر؟ ئات مىنگەن، ئات كۆندۈرگەن، كېمىلەرگە چىققان، ئاياغ كىيگەن ۋە ئۇنى تىكىپ يامىغان، تەكرار ئوقۇلىدىغان سۆزنى ئوقۇغان ۋە مۇبىننى ئوقۇغان (مۇبىن: سۈرە ياسىن كۆزدە تۇتۇلغان. تەكرار ئوقۇلىدىغان سۈرە - سۈرە فاتىھە كۆزدە تۇتۇلغان.) كىشىلەرنىڭ ئەڭ ياخشىسىنى، بارلىق ياخشى خىسلەتلەرنى ئۆزىگە مۇجەسسەملەشتۈرگەن كائىناتنىڭ تەربىيىچىسىنىڭ ئەلچىسىنىڭ يېقىنى بولغان (ئەلىنى) ئۆلتۈردىڭلارمۇ؟ قۇرەيشلەر قەيەردە بولسۇن، بۇ كىشىنىڭ ئائىلە كېلىپ چىقىشى ۋە ئېتىقاد جەھەتتە ئۆزلىرىدىن ياخشى ئىكەنلىكىنى بىلەتتى. ئەگەر سەن ئەبۇ ھۇسەيىننىڭ (ئەلىنى دېمەكچى- ت.) يۈزىگە قارىغۇدەك بولساڭ، ئالدىڭدا تولۇن ئاينى كۆرىسەن. بىز ئۇ ئۆلتۈرۈلۈشتىن ئىلگىرى ياخشى ئىدۇق. روسۇلۇللاھنىڭ يېقىنى بىزنىڭ ئىچىمىزدە بار دەپ بىلەتتۇق. ئۇ ھەقنى ئىجرا قىلاتتى. ئىككىلەنمەيتتى. دۈشمەنلەرگە بولسۇن، مەيلى يېقىنلىرىغا بولسۇن، ئادىل ئىدى. ئۇ ئۆزىدە بار ئىلمىنى يوشۇرغۇچىلاردىن ئەمەس ئىدى. تەكەببۇر قىلىپمۇ يارىتىلمىغانىدى.

كَأنَّ النَّاسَ اذْ فَقَدُوْا عَلِيًّا * نُعَامٌ حَارَ فِي بَلَد سنيْنَا
فَلاَ تُشْمِتْ مُعَاوِيَةَ بْنَ صَخْرٍ * فَانَّ بَقِيَّةَ الْخُلَفَاءِ فِيْنَا

لاَبِي الْحَسَنِ الاَنْبَارِيّ

عُلُوٌّ فِي الْحَيَاتِ وَفِي الْمَمَاتِ * لَحَقٌّ تِلْكَ احْدَى الْمُعْجِزَاتِ
كَأَنَّ النَّاسَ حَوْلَكَ حِيْنَ قَامُوا * وُفُوْدُ نَدَاكَ اَيَّامَ الصِّلاَتِ

كَأنَّكَ قَائِمٌ فِيْهِمْ خَطِيْبًا * وَكُلُّهُمْ قِيَامٌ لِلصَّلاَةِ
مَدَدْتَ يَدَيْكَ نَحْوَهُمْ احْتِفَاءً * كَمَدِّهَا اِلَيْهِمْ بِالْهِبَاتِ

وَلَمَّا ضَاقَ بَطْنُ الْاَرْضِ عَنْ اَنْ * يَضُمَّ عُلاَكَ مِنْ بَعْدِ الْوَفَاةِ
اَصَارُوا الْجَوَّ قَبْرَكَ وَاسْتَعَاضُوْا * عَنِ الْاَكْفَانِ ثَوْبَ السَّافِيَاتِ

لِعَظْمِكَ فِي النُّفُوسِ بَقِيْتَ تُرْعَي * بِحُرَّاسٍ وَحِفَاظٍ ثِقَاتٍ
وَتُوْقَدُ حَوْلَكَ النِّيْرَانُ لَيْلاً * كَذَلِكَ كُنْتَ اَيَّامَ الْحَيَاةِ

رَكِبْتَ مَطِيَّةً مِنْ قَبْلُ زَيْدٌ * عَلاَهَا فِي السِّنِيْنَ الْمَاضِيَاتِ
وَتِلْكَ قَضِيَّةٌ فِيْهَا تَأَسٍّ * تُبَاعِدُ عَنْكَ تَعْيِيْرَ الْعِدَاةِ

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كىشىلەر ئەلىنى يوقىتىپ قويغان چېغىدا خۇددى بىر شەھەردە نەچچە يىل ئېزىپ قالغان تۆگە قۇشقا ئوخشاپ قېلىشتى. ئەي مۇئاۋىيە ئىبنى سەخر (ئالدىراپ) خۇشال بولۇپ كەتمە. چۈنكى، باشقا خەلىپىلەر بىزنىڭ ئىچىمىزدە (يەنى بىزدىن چىققان)

**ئەبۇل ھەسەننىڭ ئەنبارنىڭ ئەززود دەۋلەنىڭ ۋەزىرى ئەبۇ تاھىر مۇھەممەد ئەززود دەۋلە تەرىپىدىن دارغا ئېسىلغاندا ئەبا تاھىرغا ئاتاپ ئوقىغان مەرسىيىسى:**

بۇ مەرسىيە مۇڭلۇق مەرسىيەلەرنىڭ بىرى:

ھاياتىمۇ، ماماتىمۇ، ئالىي بولۇشىمۇ چوقۇم ھەقىقەتتۇر. بۇ (ھەم) مۆجىزاتلارنىڭ بىرى. كىشىلەر سېنىڭ ئەتراپىڭدا ئۆرە تۇرۇشقان چاغدا، خۇددى ئۇلار سېنىڭ سىلە-رەھىم قىلىدىغان كۈنۈڭدىكى خەير - ئېھسانىڭنى (يەتكۈزىدىغان) ۋەكىللەرگە، سەن ئۇلارنىڭ ئارىسىدا تۇرۇپ نۇتۇق سۆزلەۋاتقان بىر ئادەمگە ئوخشايسەن. ئۇلار نامازغا تۇرغانلارغا ئوخشايدۇ. سەن ئىككى قولۇڭنى كىشىلەرگە مەرھەمەت قىلىش يۈزىسىدىن خۇددى (ھايات چېغىڭدا) ئۇلارغا سېخىيلىق قولۇڭنى سۇنغانغا ئوخشاش سۇندۇڭ. يەرنىڭ قورسىقى سېنىڭ ۋاپاتىڭدىن كېيىنمۇ ئالىيلىقىڭنى سىغدۇرالماي قالغاچقا، ئۇلار ساڭا ھاۋانى قەبرە قىلىپ كېپەنلىرىڭ ئورنىغا چاڭ - توزاندىن كىيىم كىيدۈرۈشتى. سېنىڭ قەلبلەردىكى (ئورنىڭ) يۈكسەك بولغانلىقى ئۈچۈن، ئىشەنچلىك كۆزەتچى ساقچىلار بىلەن قوغدالغان ھالدا قېپقالدىڭ. كېچىلىرى سېنىڭ ئەتراپىڭدا گۈلخانلار يېقىلاتتى. ھايات ۋاقتىڭدىمۇ دەل مۇشۇنداق كىشى ئىدىڭ. سەن شۇنداق بىر ئاتقا مىندىڭ. بۇنىڭدىن بۇرۇن زەيد ئۇنىڭغا مىنگەندى.

مانا بۇ بىر ئۆلگىلىك مەسلە بولۇپ، ئۇ سەندىن دۈشمەنلەرنىڭ تاپا-تەنىسىنى يىراق قىلىدۇ.

وَلَمْ اَرَ قَبْلَ جزْعِكَ قَطُّ جزَعًا * تَمَكَّنَ مِنْ عنَاقِ الْمُكَرَّمَاتِ
اَسأْتَ اِلَي النَّوَائِبِ فَاسْتَثَارَتْ * فَأَنْتَ قَتِيْلُ ثَأْرِ النَّائِبَاتِ

وَكُنْتَ تُجِيْرُ مِنْ صَرْفِ اللَّيَالِي * فَصَارَ مُطَالِبًا لَكَ فِي التُّرَاثِ
وَصَيَّرَ دَهْرُكَ الْاِحْسَانَ فِيْهِ * اِلَيْنَا مِنْ عَظِيْمِ السَّيِّئَاتِ

وَكُنْتَ لِمَعْشَرٍ سَعْدًا فَلَمَّا * مَضَيْتَ تَفَرَّقُوْا بِالْمُنْحِسَاتِ
غَلِيْلٌ بَاطِنٌ لَكَ فِي فُؤَادِي * يُخَفِّفُ بِالدُّمُوعِ الْجَارِيَاتِ

وَلَوْ اَنِّي قَدِرْتُ عَلَي قِيَامٍ * بِفَرْضِكَ وَالْحُقُوقِ الْوَاجِبَاتِ
مَلَأْتُ الْاَرْضَ مِنْ نَظْمِ الْقَوَافِي * وَنحْتُ بِهَا خِلَافَ النَّائِحَاتِ

وَلَكِنِّي اُصَبِّرُ عَنْكَ نَفْسِي * مَخَافَةَ اَنْ اُعَدَّ مِنَ الْجُنَاةِ
وَمَالَكَ تُرْبَةٌ فَأَقُوْلُ تُسْقَي * لِاَنَّكَ نَصْبَ هَطْلِ الْهَاطِلَاتِ

عَلَيْكَ تَحِيَّاتُ الرَّحْمَنِ تَتْرَى * بِرَحْمَاتٍ غَوَادٍ رَائِحَاتِ

## لِلْبَعْضِ فِي جَعْفَرِ الْبَرْمُكِي

وَهَذَا جَعْفَرٌ بِالْجِذْعِ يَمْحُو * مَحَاسِنَ وَجْهِهِ الرِّيْحُ الْقَتَامُ

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

مەن سېنىڭ (ئېسىلغان) (دار) ياغىچىڭدىن بۇرۇن ئۆلۈغلارنىڭ بويىنىغا ئېگە بولغان (شۇنداق كىشىنىڭ بويىنى ئېسىلغان) (بۇنداق دار ياغىچىنى) ئەسلا كۆرۈپ باقمىغان. سەن(بالايىئاپەت) ھادىسىلەرنى ئوسال قىلدىڭ. ئۇ ھادىسىلەر قىساس تەلەپ قىلدى. سەن ھادىسىلەرنىڭ ئىنتىقام ئېلىش تۆپەيلى زىيانكەشلىككە ئۇچرىدىڭ. سەن دەۋرنىڭ قالايمىقانچىلىقىدىن (باشقىلارنى) قۇتۇلدۇراتتىڭ. شۇنىڭ بىلەن، ئۇ سېنى قىساس تەلەپ قىلىپ ئىزدەيدىغان بولۇپ قالدى. سېنىڭ دەۋرىڭ بىزلەرگە قىلىنغان خەير- ئېھسان قىلىشنى ئەڭ چوڭ گۇناھ دەپ قارىدى. سەن جامائەت (كۆپچىلىك) ئۈچۈن بەخت ئىدىڭ. سەن كەتكەندىن كېيىن ئۇلار بەختسىزلىك بىلەن تارقاپ كەتتى. مېنىڭ قەلبىمدە ساڭا بولغان يوشۇرۇن تەشنالىق ئېقىپ تۇرغان ياشلىرىم ئارقىلىق يېنىكلىتىلىدۇ. ئەگەر مەن سېنىڭ پەزىلىڭنى ۋە ھوقۇق - مەجبۇرىيەتلىرىڭنى ئورۇنلاشقا قادىر بولسام، مەن يەر شارىنى قاپىيداش نەزمىلەر بىلەن توشقۇزۇپ (ئۆلۈمدە) يىغلىغۇچى ئاياللارنىڭ ئەكسىچە يىغلىغان بولاتتىم. لېكىن، مەن گۇناھكار بولۇپ قېلىشىمدىن ئەنسىرىگەنلىكىمدىن ئۆزۈمنى سەۋرچان تۇتۇشقا تىرىشىمەن. سېنىڭ تۆپرىقىڭمۇ يوق. مەن ئېيتىمەنكى، سۇ (سېنىڭ تۆپرىقىڭغا ئەمەس) ئۈستۈڭگە ياغىدۇ. چۈنكى، سەن يامغۇرغا تولغان بۇلۇتلارنىڭ (سۇ تامچىلىتىدىغان) نىشانىسەن. ساڭا رەھمان تەئالانىڭ ئەتىگەن، كەچلەردە (ياغىدىغان) رەھمەتلىرى ئۈزلۈكسىز تۆردە يېغىپ تۇرىدۇ.

**بىر دانانىڭ جەئفەر بورمىكى ھەققىدىكى مەرسىيىسى:**

مانا بۇ (دار) ياغىچىدىكى جەئفەر. ئۇنىڭ يۈزىنىڭ سىماسىنى قارا بوران ئۇچۇرۇپ كېتىۋاتىدۇ.

اَمَا وَاللهِ لَوْ لاَ خَوْفُ وَاشي * وَعَيْنٌ للْخَليْفَة لاَتَنَامُ
لَطُفْنَا حَوْلَ جِذْعِكَ وَاسْتَلَمْنَا * كَمَا لِلنَّاسِ بِالْحَجَرِ اسْتِلاَمُ

للزَّمَخْشَرِيِّ فِي رِثَاء شَيْخه اَبِي مُضَرَ *
وَقَائلَةٍ مَا هَذِهِ الدُّرَرُ الَّتِي * تَسَاقَطَ مِنْ عَيْنَيْكَ سِمْطَيْنِ سِمْطَيْنِ

فَقُلْتُ لَهَا الدُّرُّ الَّذى كَانَ قَدْ حَشَا * اَبُو مُضَرٍ اُذُنِي تَسَاقَطَ مِنْ عَيْنِي

لثَابت بْنِ هَارُوْنَ يَرْثِي الْمُتَنَبِّي
اَلدَّهْرُ اَخْبَثُ وَاللَّيَالِي اَنْكَدُ * مِنْ اَنْ تَعِيْشَ لِاَهْلِهَا يَا اَحْمَدُ

قَصَدَتْكَ لَمَّا اَنْ رَأَتْكَ نَفِيْسَهَا * بُخْلاً بِمِثْلِكَ وَالنَّفَائِسُ تُقْصَدُ
ذُقْتَ الْكَرِيْهَةَ بَغْتَةً وَفَقَدْتَهَا * وَكَرِيْهُ فَقْدِكَ بِالْوَرَى لاَيُفْقَدُ

قُلْ لِي اِنِ اسْتَطَعْتَ الْخِطَابَ فَاِنَّنِي * هَبُ الْفُؤَادَ اِلَي خِطَابِكَ مُكْمَدُ
اَتَرَكْتَ بَعْدَكَ شَاعِرًا وَاللهِ لاَ * لَمْ يَبْقَ بَعْدَكَ فِي الْوَرَى مَنْ يُنْشِدُ

اَمَّا الْعُلُومُ فَاِنَّهَا يَا رَبَّهَا * تَبْكِي عَلَيْكَ بِاَدْمُعٍ لاَتَجْمُدُ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئەللاھ بىلەن قەسەمكى، ئەگەر چىقمچىلارنىڭ قورقۇنچىسى ۋە خەلىپىنىڭ ئۇخلىمايدىغان كۆزلىرى بولمىسا ئىدى، بىزنى جەئفەرنىڭ (دار) ياغىچىغىنىڭ ئەتراپىنى تاۋاپ قىلىپ خۇددى كىشىلەر ھەجەر (ئەسۋەد) نى سۆيگەندەك سۆيگەن بولاتتۇق.

**زەمەخشەرىنىڭ ئۇستازى ئەبۇ مۇزەر ھەققىدىكى مەرسىيىسى:**

بەزىلەر (مەندىن) كۆزلىرىڭدىن ئۇنچە تۆكۈلۈۋاتقان بۇ گۆھەرلەر نېمىلەردۇر؟ دەپ سوراشتى. مەن دېدىمكى، ئەبۇ مۇزەر مېنىڭ قۇلىقىمغا توشقۇزغان گۆھەرلەر ئىدى، كۆزۈمدىن تۆكۈلۈۋاتىدۇ.

**سابىت ئىبنى ھارۇننىڭ مۇتەنەببىگە ئوقۇغان مەرسىيىسى:**

دەۋر ئەڭ ئەسكى، كېچىلەر ئەڭ دەھشەت. ئى ئەھمەد بۇ دەۋر سېنىڭ ئۇ دەۋر كىشىلىرى ئۈچۈن ياشىشىغا (ئەرزىمەيدۇ).

دەۋر سېنىڭ ئۆزىدىكى ئەڭ ئېسىل كىشى ئىكەنلىكىنى كۆرگەندە، سەندەك كىشىگە چىدىمىغانلىقتىن سېنى قەستلىدى. (ئەلۋەتتە) ئېسىل نەرسىلەر نىشان قىلىنىدۇ. سەن تۇيۇقسىزلا ئاچچىق ئازابلارنى تېتىدىڭ ۋە ئۇنى (ئازابنى) يوقاتتىڭ. سېنى يوقىتىش كىشىلەردىن يوقالمايدۇ. ئەگەر سەن دېيەلىسەڭ ماڭا دەپ بەرگىن. مەن سېنىڭ نىدايىڭغا (تەشنا)، يۈرىكى ئوت قايغۇسىغا تاشلانغان بىر كىشىمەن. سەن كېتىپ بىرەر شائىر قالدۇرۇپ قويدۇڭمۇ؟ ئەزبىرايى ئەللاھ ياق! سەن دۇنيادىن كەتكەندىن كېيىن خەلق ئىچىدە شېئىر ئوقۇيدىغان بىرمۇ ئىنسان قالمىدى. ئىلىملەرمۇ — سەن ئۇنىڭ خۇرجىنىدۇر سەن — ساڭا توختاۋسىز ياشلىرىنى تۆكۈپ يىغلاۋاتىدۇ.

## لِلْمُتَنَبِّي

اَلْحُزْنُ يُقْلِقُ وَالتَّجَمُّلُ يَرْدَعُ * وَالدَّمْعُ بَيْنَهُمَا عَصِيٌّ طَيِّعُ
يَتَنَازَعَانِ دُمُوْعَ عَيْنٍ مُسْهِرٍ * هٰذَا يَجِيءُ بِهَا وَهٰذَا يَرْجِعُ

اَلنَّوْمُ بَعْدَ اَبِي شُجَاعٍ نَافِرٌ * وَاللَّيْلُ مَعِي وَالْكَوَاكِبُ ظُلَّعِ
تَصْفُو الْحَيَاةُ لِجَاهِلٍ اَوْ غَافِلٍ * عَمَّا مَضَي مِنْهَا وَمَا يُتَوَقَّعُ

اَيْنَ الَّذِى الْهِرْمَانُ مِنْ بُنْيَانِه * مَا قَوْمُهُ مَا يَوْمُهُ مَا الْمَصْرَعُ
تَتَخَلَّفُ الْآثَارُ عَنْ اَصْحَابِهَا * حِيْنًا وَيُدْرِكُهُمَا الْفَنَاءُ فَتَتْبَعُ

اَلْمَجْدُ اَخْسَرُ وَالْمَكَارِمُ صَفْقَةً * مِنْ اَنْ يَعِيْشَ لَهَا الْاَمَامُ الْاَوْرَعُ
وَالنَّاسُ اَنْزَلَ فِي زَمَانِكَ مَنْزِلاً * مِنْ اَنْ تُعَايِشَهُمْ وَقَدْرُكَ اَرْفَعُ

قَدْ كَانَ اَسْرَعَ فَارِسٍ فِي طَعْنَةٍ * فَرَسًا وَلٰكِنَّ الْمَنِيَّةَ اَسْرَعُ

## لِلْبَعْضِ فِي رِثَاءِ كَمَالِ الدِّيْنِ

مِنْ نُكْبَةِ مَوْلَاىَ كَمَالِ الدِّيْنِ * لِلْمَلِكِ مُصِيْبَةٌ كَمَا لِلدِّيْنِ
قَدْ نَالَ بِهِ الدِّيْنُ كَمَالاً فَاذَا * اُوْدِىَ فَبَدَا نَقْصُ كَمَالِ الدِّيْنِ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

**مۇتەنەببىنىڭ سۆزى:**

قايغۇ بىئارام قىلىدۇ. سەبرى (ئۇنى) قايتۇرىدۇ. كۆز بۇ ئىككىسىنىڭ ئارىسىدا ئاساسلىق قىلىدۇ ھەم ئىتائەت قىلىدۇ. (يەنى بىردەم ياش تۆكۈپ بىردەم توختايدۇ.) قايغۇ بىلەن چىرايلىقچە سەبرى قىلىش ئۇيقۇسىز كۆزلەرنىڭ ياشلىرىنى تالىشىدۇ. بىرى ياش كەلتۈرسە بىرى قايتۇرىدۇ. ئەبۇ شۇجاء (نىڭ ۋاپاتى) دىن كېيىن (مەندىن) ئۇيقۇ قاچقاندۇر. كېچە ئاجىزلىشىپ يۇلتۇزلار (ئۆچۈشكە مايىل بولىدۇ) نادان ياكى جاھىللارغا نىسبەتەن ئۆتمۈشمۇ ۋە كېلەچەكمۇ يارقىن تۇيۇلىدۇ. (مىسىردىكى) ئېھراملارنى قۇرۇپ چىققانلار قېنى؟ ئۇنىڭ قەۋمى قېنى؟ دەۋرى قېنى؟ يىقىلغان ئورۇنلىرى قېنى؟ قەدەم ئىزلىرى قەدەم باسقۇچىلارنىڭ ئارقىسىدا ئازراق ۋاقىت قېپقالىدۇ. ئىزلار ئۆچۈشكە يۈزلىنىپ يەنە ئارقىدىن ئەگىشىپ ئىز قالدۇرۇلىدۇ. ئۇلۇغلۇق بىلەن سېخىيلىق ئۇلۇغۋار ئادەملەرنىڭ جان پىدا قىلىپ ياشىشىغا ئەرزىمەيدىغان بىر خىل يارىماس تىجارەتتۇر. كىشىلەر سېنى سېنىڭ دەۋرىڭدە شۇنداق بىر ئورۇنغا چۈشۈرۈپ قويىدى. ئەسلىدە سېنىڭ قەدرىڭ ئۇلار بىلەن بىرگە ياشاشتىن يۇكسەك ئىدى. ئۇ جەڭ مەيدانىدىكى ئېتى ئەڭ ئۇچقۇر چەۋەنداز ئىدى. لېكىن، ئۆلۈم ئۇنىڭدىنمۇ تېزرەك چاپىدىغان چىقىپ قالدى.

**بىر دانانىڭ كامالىددىن ھەققىدىكى مەرسىيىسى:**

مېنىڭ پېشىۋايىم كامالىددىننىڭ مۇسىبىتى پادىشاھقا خۇددى دىنغا مۇسىبەت كەلگەندەك (بولۇپ) تۇيۇلدى. دىن بۇ كىشى بىلەن كامالەتكە يەتكەنىدى. ئۇنىڭ ۋاپاتى بىلەن كامالىددىننىڭ يوقلۇقى بىلىندى.

لِلْحَقِيْرِ فِي رِثَاءِ فَقِيْدِ الزَّمَانِ مَنْبَعِ الْعِلْمِ وَالْعِرْفَانِ بَهَادِرْخَانْ
اَلتَّاشْكَنْدِيِّ رَحِمَهُ اللهُ

لَقَدْ جَآءَ طُوْفَانُ الْمُصِيْبَةِ مُغْرِقًا * لِأُوْلِي النُّهَي فِي بَحْرِ حُزْنٍ كَمَا تَرَى
أُوْلُوالْفَضْلِ فِي كُلِّ الزَّمَانِ تَجَرَّعُوْا * ذَوَاقَ الْبَلَايَا وَالْهُمُومِ مُكَرَّرًا

فَيَا حَسْرَةً لِلطَّالِبِيْنَ فَقَدْ اَتَتْ * خُطُوبٌ بِهَا صَارَ الْقُلُوبُ مُكَدَّرَا
فَمَاتَ بِهَا دِرْخَانُ ذُو الْفَضْلِ وَالْعُلَي * بِمَوْتِهِ وَجْهُ الْعِلْمِ قَدْ صَارَ اغْبَرَا

فَكَيْفَ يُقِيْمُ الصَّبْرُ اذْ جَاءَ مَوْتُ مَنَ * اَضَاءَ عُقُولَ الطَّالِبِيْنَ وَنَوَّرَا
اَلاَ وَهُوَ اُسْتَاذُ الْعُلُومِ وَمَنْبَعُ الْ * كَمَالِ وَلِلعِرْفَانِ قَدْ كَانَ مَظْهَرَا

فَاَرْوَى لِطُلاَّبِ الْعُلُومِ زِلاَلَهَا * وَاَغْرَسَ اَشْجَارَ الْعُلُومِ وَاَثْمَرَا
فَيَا اَسَفاً قَدْ لاَحَ كَالْبَرْقِ لاَمِعًا * فَاَخْلَقَ اَفْلاَذًا مِنَ اللُّبِّ وَاَقْفَرَا

عَفَا عَنْهُ مَوْلاَنَا الْكَرِيْمُ بِجُودِهِ * وَاَنْزَلَ رَحْمَاتٍ عَلَيْهِ وَاَمْطَرَا
فَاِنْ شِئْتَ تَارِيْخَ الْوَفَاةِ لَهُ فَقُلْ * فَأَحْسَنَ مَثْوَاهُ الرَّحِيْمُ وَاَعْطَرَا

www.uyghurkitap.com

**ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئىلىم مەنبەسى، دەۋر يوقاتقان ئەڭ ئۇلۇغ كىشى ــ باھادىرخان تاشكەندى ھەققىدىكى مەرسىيىسى:**

مۇسىبەت توپانى ئاقىللارنى سەن كۆرۈپ تۇرغاندەك قايغۇ دېڭىزىغا غەرق قىلغىلى يېتىپ كەلدى. ھەر قانداق دەۋردە پەزىلەت ئىگىلىرى قايتا ـ قايتا بالايىئاپەتلەر چەكسىز غەملەرنى يۇتتى. ئوقۇغۇچىلارغا ئېچىنىمەن. بىر ھادىسە كېلىپ بۇ ھادىسە بىلەن قەلبلەر جاراھەتلەندۈرۈلدى. ئۇلۇغلۇق ۋە پەزىلەت ئىگىسى بولغان باھادىرخاننىڭ ئۆلۈمى بىلەن ئىلىمنىڭ يۈزىگە چاڭ-توزان قوندى. تالىپلارنىڭ ئەقلىنى يورۇتۇپ نۇرلاندۇرغان كىشىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرى كەلگەندە سەۋر قانداقمۇ (قاچماي) تۇرالىسۇن؟ ئاگاھ بولۇڭلاركى، باھادىرخان ئىلىملەرنىڭ ئۇستازى، كامالەتنىڭ مەنبەسى، ئېرپاننىڭ نامايان بولۇش ئوبيېكتى. ئۇ ئىلىم ـ مەرپەتنىڭ زىلال سۇلىرى بىلەن تالىپۇل ئىلىملەرنىڭ تەشنالىقىنى قاندۇرغان ۋە بىلىم كۆچەتلىرىنى تىكىپ مېۋىگە كىرگۈزگەندى. ئەپسۇس، ئۇ يالت قىلىپ يانغان چاقماقتەكلا بىر چاقناپ ئاندىن (ئۆچۈپ)، كۆكرەكلەرنى يۈرەكتىن خالىي قىلىپ قويدى. بىزنىڭ بۈيۈك مەۋلايىمىز سېخىيلىقى بىلەن ئۇ كىشىنى ئەپۇ قىلىۋەتسۇن. ئۇ كىشىگە رەھمەتلىرىنى يامغۇر كەبى ياغدۇرسۇن. ئەگەر سەن ئۇنىڭ ۋاپات بولۇش تارىخىنى بىلىشنى خالىساڭ، دېگىنكى، مېھرىبان ئەللاھ ئۇ كىشىنىڭ ياتقان ئورنىنى گۈزەل ۋە خۇشبۇي قىلىۋەتسۇن. (بۇ شېئىرنىڭ ئەسلي ئەرەبچە نۇسخىسىدىكى سۆزلىرى ئەبجەد ھېسابى بويىچە مەرھۇمنىڭ ۋاپات بولغان يىلى 1327-يىلىنى كۆرسىتىپ بېرىدۇ.)

لِلْحَقِيْرِ فِي رِثَاءِ فَقِيْدِ الأنَامَ أُسْتَاذِيْ وَمَوْلاَيَ دَامُلاً عِوَضِ الخَجُنَدِيْ المُفْتِيْ البُخَارِيّ طَابَ ثَرَاهُ

لَقَدْ صَارَت الْايَّامُ سُوْدًا وَغَيْهَباً * بِمَا جَاءَهَا خَطْبٌ مَعَ الْحُزْن رُكّبَا
تَصَادَفَتِ الأَلْبَابُ مِنْهُ تَأسَفًّاً * شَدِيْدًا عَلَي الْوِلْدَانِ لَوْ صُبَّ شَيَّبَا

وَذَاكَ بَانَاً قَدْ نُعِينَا بِمَوْتِ مَنْ * يُحَالِفُهُ الْعَلْيَاءُ لُبْثاً وَمَذْهَباً
نَعَاهُ لَنَا النَّاعِيُ فَفِيْ كُلِّ اَضْلُع * سِهَامٌ يُفِيْضُ السَّمُّ مِنْهَا تَصَبَّبَا

وَكَمْ مِنْ جُيُوبِ بَلْ قُلُوبِ تَشَقَّقَتْ * عَلَيْهِ وَكَمْ وَجْهِ مِنَ الدَّمْعِ خُضِبَا
فَمِنْ فَقْدِهِ فِي كُلِّ عَيْنٍ مَدَامِعُ * وَفِي قَلْبِ نَارٌ اَحْرَقَتْهُ تَلَهُّبَا

اَلاَ وَهُوَ أُسْتَاذُ الْعُلُومِ وَلُبُّهَا * لَقَدْ كَانَ نِحْرِيْرًا اَدِيْباً مُخَضْرَبَاً
اَيَا صَاحِبَ الْفَضْلِ الَّذِي كُنْتَ مَنْبَعًا * لِدِيْنٍ وَاَخْلاَقٍ وَفِي الرَّأْى اَصْوَبَا

فَاَرْوَيْتَ طُلاَّبَ الْعُلُومِ زُلاَلَهَا * لَقَدْ كُنْتَ بَحْرَ الْعِلْمِ فِيْهِمْ وَاَعْذَبَا
عَفَا عَنْكَ رَبُّ الْعَالَمِيْنَ بِفَضْلِهِ * وَعَطَّرَ مَثْوَاكَ الْاَلهُ وَطَيَّبَا

www.uyghurkitap.com

ئابدۇقادىر داموللامنىڭ خالايىقلارنىڭ يوقاتقان (گۆھىرى) بۇخارا مۇپتىسى، ئۇستازى، پېشۋاسى، ئىۋەز خوجەندى ھەققىدىكى مەرسىيىسى:

كۆنلەر قايغۇ بىلەن بىرلىشىپ كەتكەن مۇرەككەپ ھادىسىلەر سەۋەبىدىن قاپقارا زۇلمەتكە ئايلاندى. قەلبلەر بۇنىڭدىن شۇنداق قاتتىق ئازابقا دۇچار بولدىكى، ئەگەر ئۇ ئازاب كىچىك بالىلارغا بېرىلسە، بالىلارنىڭ چاچلىرىغا ئاق كىرىپ كەتكەن بولاتتى.

بۇنىڭ سەۋەبى شۇكى، بىز يۈرۈش-تۇرۇشلىرىدا يۈكسەكلىك بىللە بولىدىغان كىشىنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى ئاڭلىدۇق، بۇ خەۋەرنى بىزگە يەتكۈزگۈچى كەلگەندە گوياكى ھەر بىر قوۋۇرغىسىدا زەھەر چېچىلىپ تۇرغان ئوقلار قان تامدۇرۇپ تۇرغاندەك تۇيۇلدى. نۇرغۇنلىغان ياقىلار بەلكى يۈرەكلەر يىرىلدى. نۇرغۇنلىغان يۈزلەر ياش بىلەن بويالدى (قان يىغلىدى). ئۇنىڭ يوقلۇقىدىن ھەر بىر كۆزدە ياش، ھەر بىر قەلبىدە ئوت. ئۇ قەلبنى يالقۇنلار كۆيدۈردى. ئاگاھ بولۇڭلاركى، ئۇ كىشى ئىلىملەرنىڭ ئۇستازى ۋە يۈرىكى ئىدى. دانا، ئەدىب، ناتىق كىشى ئىدى. ئەي پەزىلەت ئىگىسى، سەن دىن ۋە ئەخلاقنىڭ بۇلىقى ئىدىڭ. ئەڭ توغرا كۆز قاراشتىكى كىشى ئىدىڭ. سەن تالىبۇلئىلىملارنى ئىلىم — مەرىپەتنىڭ زىلال سۇلىرىدا سۇغاردىڭ. سەن ئۇلار ئىچىدىكى ئىلىمنىڭ دېڭىزى، ئەڭ شېرىن دېڭىزسەن. كائىناتنىڭ پەرۋىش قىلغۇچىسى ئەللاھ ئۆز پەزلى بىلەن سېنىڭ گۇناھىڭنى ئەپۇ قىلسۇن. تۇرار جايىڭنى خۇش پۇراق ئەتىرلەر بىلەن توشقۇزسۇن. مەرھۇمغا غازى مۇشۇ تارىختا مەرسىيە ئوقۇيدۇ. (يۇقىرقى مىسرانىڭ ئەرەبچە نۇسخىسى ئەبجەد ھېسابى بويىچە مەرھۇم ۋاپات بولغان ھىجرىيە 1325- يىلىنى كۆرسىتىدۇ.) «سەن جەننەتۇل فىردەۋستە مۇناسىپ ئورۇنغا ئېرىشىش بىلەن راھەتلەنگەيسەن».

وَيَرْثِي لَهُ الْغَازي بِهٰذَا مُؤَرّخا * تَرُوحُ فِي الْفِرْدَوْسِ وَفِي الْفَوْزِ اَنْسَبَا

لِلْحَقِيرِ فِي رِثَاءِ اُسْتَاذِي الْمُحْتَرَمُ شَيْخُ الْاسْلَامِ خُوقَنْد
اُلُغْ خَانْ تُورَمْ عَلَيْهِ الرَّحْمَةُ

اَلَامَ جَفَاكَ يَا دَهْرُ الدَّنِيُّ * فَمِنْ بَلْوَاكَ مَا خَلَصَ النَّبِيُّ
وَلاَ الْعُلَمَاءُ وَالْحُكَمَاءُ طُرًّا * وَلاَ ذُوا الْمَكْرُمَاتِ وَلاَ الْوَلِيُّ

فَيَا لَهَفَى لِطُلاَّبِ الْعُلُومِ * وَيَا اَسَفًا فَمَاتَ الْاَلْمَعِيُّ
لَقَدْ اَضْحَي سَمَاءَ الْعِلْمِ سُوْدًا * فَلَمَّا غَابَ بَدْرٌ اَنْوَرِيٌّ

لَاَصْحَابِ النُّهَى قَدْ كَانَ نُورًا * يُرَى مِنْ وَجْهِهِ وَصْفُ الْبَهِيِّ
وَلِلْاِسْلَامِ وَالْاِرْشَادِ شَيْخًا * وَمُنْكَشِفًا لَهُ السِّرُّ الْخَفِيُّ

مُحَلاًّ بِالْفَضَائِلِ وَالْكَمَالِ * وَنِحْرِيْرًا لَهُ الْفَضْلُ السَّنِيُّ
وَلِلسَّادَاتِ وَالْاَعْيَانِ فَخْرًا * لَهُ الْعَلْيَاءُ وَالنَّسَبُ الْعَلِيُّ

فَعَطَّرَ رَبُّنَا مَثْوَاهُ رَوْحًا * وَدَامَ لِقَبْرِهِ الْعَرْفُ الشَّذِيُّ
فَاِنْ اَحْصَيْتَ تَارِيْخَ الْوَفَاةِ * لَهُ الرِّضْوَانُ وَالْفَوْزُ الْجَلِيُّ

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

**ئابدۇقادىر داموللامنىڭ ئۇستازى مۆھتەرەم شەيخۇل ئىسلام ئۇلۇغخان تۆرەم ھەققىدىكى مەرسىيىسى :**

ئەي يارىماس دۇنيا، سېنىڭ جاپا-مۇشەققەتلىرىڭ قاچانغىچە؟ سېنىڭ سىناقلىرىڭدىن ھەتتاكى پەيغەمبەرلەرمۇ خالاس تاپالمىدىغۇ؟

باشتىن - ئاخىر ئالىملارمۇ، ھۆكۈمالارمۇ، قەدرى-قىممەت ئىگىلىرى ۋە ئەللاھنىڭ يېقىنلىرىمۇ خالاس تاپالمىدىغۇ؟ تالىبۇل ئىلىملەرگە ئىست! ۋاي ئىست! ئەلمەئى (داڭلىق ئەرەب ئالىمى) ئۆلۈپ كەتتى. ئىلىمنىڭ ئاسمىنى نۇرلۇق تولۇن ئاي غايىب بولۇش بىلەن قاپقارا بولۇپ قالدى. ئۇ كىشى ئەقىل ئىگىلىرى ئۈچۈن بىر نۇر ئىدى. ئۇنىڭ يۈزىدىن گۈزەل تەسۋىرلەرنى كۆرۈۋالغىلى بولاتتى. ئىسلام ۋە ئىرشادنىڭ (توغرا يولغا يېتەكلەشنىڭ) پېشۋاسى ئىدى. مەخپىي سىرلارمۇ ئۇنىڭ ئۈچۈن ئېچىلغان، پەزىلەت ۋە كامالەتنى زىننەت بۇيۇمى سۈپىتىدە تاقىغان يۈكسەك پەزىلەتكە ئىگە ھەقىقىي ئالىم ئىدى. ئۇلۇغلار، كاتتىلارنىڭ پەخرى ئىدى. ئالىيلىق ۋە ئېسىل نەسەب ئۇ كىشىگە مەنسۇپ ئىدى. پەرۋەردىگارىمىز ئۇ كىشىنىڭ تۇرار جايىنى خۇش پۇراق ئەتىرلەرگە توشقۇزۇۋەتسۇن. ئۇنىڭ قەبرىسىنى داۋاملىق ئېسىل پۇراقلار ئوراپ تۇرسۇن. ئەگەر سەن ئۇ كىشىنىڭ ۋاپات بولۇشى تارىخىنى ھېسابلىساڭ ئۇ كىشىگە ئەللاھنىڭ رازىلىقى ۋە بۈيۈك نىجاتلىق مەنسۇپ بولسۇن. (بۇ مىسرانىڭ ئەرەبچە نۇسخىسى ئەبجەد ھېسابى بويىچە مەرھۇم ۋاپات بولغان ھىجرىيە 1327- يىلىنى كۆرسىتىدۇ.)

# اَلْبَابُ التَّاسِعُ فِي التَّارِيْخِ

لِشَاكِرْ اَفَنْدى ضَمَّنَ كُلَّ وَاحِدَةٍ مِنْ صُدُوْرِ الْاَبْيَاتِ تَأرِيْخًا هِجْرِيًّا لِسَنَةِ 1287 وَكُلُّ وَاحِدَةٍ مِنْ اَعْجَازِهَا تَأرِيْخًا مَسِيْحِيًّا لِسَنَةِ 1875

اَزْكَي سَلاَمِي عَلَي قَوْمِي بِذِى سَلَمٍ * اَفَاضَ دَمْعِي لِوَصْفِي الشَّوْقَ كَالْعَنَمِ
دَارٌ بِهَا لِي رَدَاحٌ قَدْ دَهِشْتُ بِهَا * فَغَيْرُهَا مِنْ نِسَاءِ الْآلِ لَمْ اَرُمِ

رَاقِ الشَّقَا فِي هَوَاهَا لِي فَكَمْ سَهَرًا * اَقْضِي اللَّيَالِيَ صَادٍ شَاكِرَ السَّقَمِ

لِلنَّاصِفِ الْيَارْخِيِّ مُؤَرِّخًا فَتْحَ عَكَّا وَقَدْ ضَمَّنَ هَذَيْنِ الْبَيْتَيْنِ ثَمَانِيَةً وَعِشْرِيْنَ تَأرِيْخًا لِسَنَةِ 1248 يُؤْخَذُ مِنْ كُلِّ اَشْطُرِهِمَا الْاَرْبَعَةِ وَمِنْ ضَمِّ مُهْمَلِ كُلِّ شَطْرٍ اِلَي مِثْلِهِ مِنْ غَيْرِهِ وَكَذَا قَالَ مِنَ الْمُعْجَمِ وَبِالْخِلاَفِ عَلَي الطَّرِيْقَةِ الْمَشْهُوْرَةِ

فِي فَتْحِ عَكَّا بَرْدُ نَارِ مُعَاطِبٍ * دَارُ الْخَلِيْلِ وَلِلدِّيَارِ بِهِ الْبُكَاءُ
رَأْسُ الثَّمَانِ وَاَرْبَعِيْنَ بِطَيِّهِ * مِئَتَانِ مَعَ اَلْفٍ فَبَارَكَ رَبُّكَا

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# 9. باب تارىخ ھەققىدە

**بۇ شاكىر ئەپەندىنىڭ شېئىرى بولۇپ، بۇ شېئىردىكى ھەر بىر ئالدىنقى مىسرا ھىجرىيە 1287-يىلىنى، ئىككىنچى مىسراسى مىلادى 1875-يىلىنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ:**

مېنىڭ ياخشى سالاملىرىم زى سەلەم (جاي ئىسمى) دىكى قەۋمىگە بولسۇن. مېنىڭ ياشلىرىم چىلانغا ئوخشاش ئىشتىياقىمنى تەسۋىرلەش ئۈچۈن (ئىشتىياقتىن جۇدەپ چىلاندەك بولۇپ قالغان تېنىمنى تەسۋىرلەش ئۈچۈن) تۆكۈلدى. (زى سەلەم) شۇنداق بىر جايكى، ئۇ يەردە مېنىڭ ھەيرەتتە قالدۇرغان كېلىشكەن ئايالىم بار. ئۇنىڭدىن باشقا، ئورۇق-تۇغقانلار (قىز-ئاياللىرىنى) خالاپ باقمىغانمەن. ئۇ ئۆز ئىشقىدا بەختسىزلىككە راۋاج بەرگۈچىدۇر. مېنىڭ ئۇيقۇسىز ئۆتكەن كېچىلىرىم ناھايىتى ئۇزۇن بولۇپ، مەن كېچىلەرنى تەشنا، كېسەل بولغانلىقىمغا تەشەككۇر ئېيتقۇچى سۈپىتىدە ئۆتكۈزىمەن.

**ناسىپىل يارخىنىڭ ئەككا پەتھىسىنى خاتىرلەپ يازغان سۆزى:**

(بۇ بېيىت 1248- يىلىنىڭ 28 تارىخىنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بولۇپ، بۇ تارىخنى شېئىرنىڭ ھەر بىر مىسراسىدىن ۋە ھەربىر مىسرادىكى چېكىتى يوق سۆزلەرنى شۇنىڭدەك سۆزلەرگە قوش، شۇنداقلا چېكىتلىك سۆزلەرنى قوشۇش ۋە ئۇلارنى ئالماشتۇرۇپ قوشۇش ئارقىلىق «ئەبجەد» ئۇسۇلى بىلەن ئېلىنىدۇ.):

ئەككا پەتھىسىدە ھالاكەتكە دۇچار قىلغۇچى ئۇ سوغۇقى مەۋجۇتتۇر. خېلىلىنىڭ يۇرتى ۋە دىيارى ئوتنىڭ سوغۇقى بىلەن قايغۇدىدۇر. (بۇ) 48 - يىلىنىڭ بېشى ۋە ئۇنىڭ ئىچىدە مىڭ قوشۇلغان ئىككى يۈزمۇ بار. پەرۋەردىگارنىڭ (ئىشلىرىنى) بەركەتلىك قىلسۇن (1248- يىلىنى دېمەكچى).

## وَلَهُ اَيْضًا

اَغَرَّ لَهُ خَلْقٌ تَهَلَّلَ بالْبهَا * وَخُلْقٌ سَمَتْ اَوْضَاعُهُ فكْرَ مَادحِ
فُكَاهَةُ خُلْقٍ مُذْ تَبَدَّى جَمَالُهَا * اَضَاءَتْ بآلاَءٍ غَوَادٍ رَوَائحِ

وَلَهُ مُؤَرّخًا فى بنَاء مَدْرَسه

هَذَا مَقَامٌ للْمَعَارف قَدْ غَدَا * ببَهَاء اَنْوَار الْمُخَلّص مُشْرقَا
وَافَي مُؤَرِّخُهُ فَخَطَّ ببَابهِ * قَدْ لاَحَ صُبْحُ الْعلْمِ فِي فَلَكِ التُّقَي

لِمَوْلاَنَا التَّجَليُّ الْمُجَلّيُ فِي رِثَاءِ مِيرْزَا عَبْدِ الْكَرِيْمِ ضِيَائِيّ مُؤَرّخًا فِي كُلِّ مَصْرَعٍ

لاَ الْقَلْبُ اَعْلَمُهُ الْقَلْبَ الَّذي كَانَا * وَالْحَوْلَقَاتُ اَرَى رجْلَي وَرُكْبَانَا
نَعي الزَّمَانُ اِلَيْنَا وَهُوَ ذُو بَرَمٍ * اَخَا حَمِيْدٍ كَرِيْمِ النَّفْسِ مِحْسَانَا

فَسَابَ منْ فَرْط حُزْني عَبْرَتي لَجَجَا * وَالْبَثُّ يَقْدَحُ بالْاَحْشَاءِ نيرَانَا
وَقُلْتُ اَنْدُبُهُ وَالنَّفْسُ هَاتِفَةٌ * وَلَمْ اُطقْ لِلْاَسَي الْهَتَّانِ كِتْمَانًا

عَبْدَ الْكَرِيْمَ لَقَدْ اَصْبَحْتَ فِي رَوَحٍ * منْ رَحْمَة سَكَبَتْ رَوْحًا وَرَيْحَانًا
قَدْ كُنْتَ اَجْمَلَ فِتْيَانٍ وَاَعْجَبَهُمْ * زِيًّا وَدِيْنًا وَتَرْقِيْمًا وَتِبْيَانًا

وَكُنْتَ مِنْ اَدَبٍ جَزْلٍ وَتَبْصِرَةٍ * لِاَعْيُنِ الْفَضْلِ وَالْاَحْبَابِ اِنْسَانًا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**ناسپىل يارنخنىڭ بىر ئەمەلدار ھەققىدىكى سۆزى:**

ئۇ ئالاھىدە بىر كىشىدۇر، ئۇنىڭ گۈزەللىك چاقناپ تۇرغان خۇش چىرايى ۋە ئەخلاقلىرى بار، ئەخلاقىنىڭ ھۆللىرى مەدھىيلىگۈچىلەرنىڭ پىكىردىنمۇ ئۈستۈندۇر. ئۇنىڭ يېقىملىق خۇلقى ئۇنىڭ جامالى نامايان بولغاندىن كېيىن ئەتىگەن ۋە كەچ تەرەپلەردە كېلىدىغان نېمەتلەر بىلەن يورۇپ تۇرىدۇ. (ئۇ ئۆزىنىڭ گۈزەل ئەخلاقى بىلەن ئەتىگەن ۋە كەچلەردە خەير - ئېھسان بىلەن سېخىيلىقنى نامايان قىلىدۇ.)

**بۇ كىشىنىڭ ئۆزىنىڭ مەدرىسىنىڭ قۇرۇلغانلىقىنى خاتىرلەپ يازغان سۆزى:**

بۇ مائارىپ ئورنىدۇر. ساپلىقىنىڭ يارقىن نۇرى بۇ يەردە چاقنىدى. ئۇنى خاتىرلىگۈچى تولۇق خاتىرلەپ، ئۇنىڭ ئىشىكىگە «تەقۋالىق ئاسمىنىدا ئىلىمنىڭ تېگى پارلىدى» دەپ يازدى.

**تەجەللى مۇجەللىنىڭ مىرزا ئابدۇلكەرىم زىيائىينىڭ مەرسىيىسى ھەققىدە يازغان سۆزى:**

(مېنىڭ ھازىرقى) بىلىدىغان يۈرىكىم ئىلگىركى يۈرىكىم ئەمەستۇر. مۇسىبەتلەرنىڭ پىيادە ۋە ئاتلىق (يەنى توپ-توپ بولۇپ) كېلىۋاتقانلىقىنى كۆرۈپ تۇرۇۋاتىمەن. بىزارلىق ئىگىسى بولغان زامان بىزگە كۆڭلى ياخشى، خەير-ئېھسان قىلغۇچى، مەدھىيىلەشكە تېگىشلىك قېرىندىشىمىزنىڭ ئۆلۈم خەۋىرىنى يەتكۈزدى. قاتتىق قايغۇرغانلىقىمدىن مېنىڭ كۆز ياشلىرىم دولقۇنلۇق دېڭىزدەك ئاقتى. ھالبۇكى، ئەلەملەر يۈرىكىمگە ئوت ياقاتتى. يۈرىكىم مەن(ئارقا-ئارقىدىن) چۈشكەن غەملەرنى يوشۇرۇشقا تاقەت قىلالمىدىم دەپ نىدا قىلسىمۇ مەن يىغلاپ تۇرۇپ ئۇنىڭغا دېدىمكى، ئەي ئابدۇلكەرىم، سەن رەھمەت ۋە گۈزەللىك ياغدۇرغان مېھرىبانلىقتىن راھەت ئىچىگە (چۈمۈلدۈڭ)، سەن تەقى - تۇرقى دىيانەت ۋە ئىجادىيەت، فاساھەت جەھەتلەردە ئەڭ يارامىلىق، ئەڭ گۈزەل يىگىت ئىدىڭ. سەن ئەدەپ، سېخىيلىق، (يىراقىنى) كۆرەرلىك جەھەتتە پەزىلەت ئەھلىلىرى ۋە دوستلارنىڭ كۆز قارچۇقى ئىدىڭ.

وَالْيَوْمَ فَارَقْتَنَا سَبْقًا وَامْقُلْنَا * يَنْزِلْنَ اثْرَكَ يَعْلُوْلاً وَمَرْجَانَا

وَاصْبَحَتْ اَنْجُمُ الْاَدَابِ سَائِحَةً * كَصَخْرَةٍ فِي دُجَي الْهُمُومِ عُمْيَانَا
لاَزِلْتَ فِي مَبْسَطِ الْجَنَّاتِ مُنْبَسِطًا * بِكَوْثَرٍ مِنْ نَعِيْمِ اللّٰهِ رَيَّانَا

لَقَدْ رَثَاهُ الْمُجَلِّي حَائِرًا اَسِفًا * بِذِى الْقَصِيْدَةِ مَوَّارًا وَحَنَّانَا

وَلَهُ اَيْضًا فِي تَارِيْخِ بِنَاءِ الْمَزَارِ لِلْحَبِيْبِ الْعَجَمِيِّ الْكَائِنِ
بِارْتُوْجَ مِنْ مُضَافَاتِ بَلَدِ كَاشْغَرَ

اِلَي الْعَجَمِي الْبَرِّ حِجُّوْا فَذَالِكُمْ * حَبِيْبٌ رَضِيٌّ وَالْهُمَامُ الْمُيَمَّمُ
مَشَاهِدُ عَمَّارِ الْوُجُودِ قَدْ اَصْبَحَتْ * بِكُلِّ السَّنِي تَبْدِي وَبِالْحُسْنِ تَعْلَمُ

وَتَلْقَي كَابْهَي رِقْمَة عَبْقَرِيَّةٍ * وَرُوْمِيَّةٍ حَسْنَاءَ تَزْهَي وَتَبْسَمُ
وَفِي فَرْعِهَا تُبْدِي مَنَائِرُهَا الْعُلَي * رُكُوْبًا عَلَي السَّبْعِ الشِّدَادِ وَتَحْكُمُ

وَقُـــبَّتُهَـــا يَحْتَارُ فِي اَوْجِ عِزِّهَا * وَمَرْآتِهَا الْاَبْصَارُ وَالْفُصْحُ يَعْجِمُ
مَبَانٍ كَاَجْرَامِ السَّمٰوَاتِ وُطِّدَتْ * اِلَي الْحَشْرِ مِنْ حَلِّ الْبَلِيَّةِ تَسْلَمُ

وَرَاحَ الْمُجَلِّي الْوَاجِفُ آرِخًا * لِاِتْمَامِهَا فِي كُلِّ شَطْرٍ يُطَلْسِمُ

ئۇيغۇر كىتاب تورى بېكىتى
www.uyghurkitap.com

بۈگۈن بىز بىلەن بالدۇرلا خوشلىشىپ كېتىپ قالدىك. بىزنىڭ كۆزلىرىمىز سېنىڭ ئىزىڭغا ئۈنچە-مارجانلارنى تۆكىدۇ. ئەدەپنىڭ يۈلتۇزلىرى قورام تاشقا ئوخشاش غەم زۇلمىتىدە قارغۇ بولۇپ كېتىپ قالدى. سەن جەننەتنىڭ بىساتلىرىدا ئەللاھنىڭ بولغان كەۋسەر سۈيى بىلەن ئۇسسۇزلۇقىڭنىڭ قاندۇرغان ھالدا يېتىۋەرگىن. تەجەللى ساڭا تىترەپ، مۈڭلىنىپ تۇرۇپ مۇشۇ قەسىدىسى بىلەن مەرسىيە ئوقۇيدۇ.

**تەجەللىنىڭ قەشقەر شەھىرىنىڭ يېزىلىرىدىن بىرى بولغان ئارتۇشتا جايلاشقان ھەبىبى ئەجەمىي مازارىنىڭ قۇرۇلۇش تارىخىغا بېغىشلاپ يازغان سۆزى:**

ياخشىلىق قىلغۇچى (ھەبىبى) ئەجەمىي (نىڭ مازارى)گە كېلىڭلار، مانا بۇ(كىشىلەر) ياخشى كۆرىدىغان ۋە ئۇنىڭدىن رازى بولىدىغان ھەممىنىڭ كۆزىگە كۆرۈنگەن داغلىق كاتتا كىشىدۇر. ئۇ جاي كائىناتنى گۈللەندۈرگۈچىلەرنىڭ مەيدانلىرىدۇر. ناھايىتى ئالىيلىق بىلەن ئاشكارا بولىدىغان گۈزەللىك بىلەن تونۇلىدىغان بولۇپ كەتكەندۇر. سەن ئۇنىڭ ئەڭ گۈزەل گۈللۈك مەنزىرىسى جىلۋە قىلىپ، تەبەسسۇم قىلىپ تۇرغان گۈزەل رۇم قىزلىرىدەك (جەزبىدارلىقتا) كۆرىسەن. ئۇنىڭ ئۈچىسىدا يەتتە قات ئاسمانغا مىنگەن (تاقاشقان) ئېگىز مۇستەھكەم مۇنارلىرى نامايان بولىدۇ.(رۇم قىزىنى ئەسكە سالىدىغان) بۇ مۇنارنىڭ قۇببىسى ئۆزىنىڭ قەدىر- قىممەت يۈكسەكلىكى ۋە يارقىنلىقىدا (كىشىلەرنىڭ) كۆزلىرى ھەيرەتتە قالىدۇ. يەنى كۆزلەر ئىمىر- چىمىر بولۇپ كېتىدۇ. پاساھەتلىكلەرنى گاچا قىلىپ قويىدۇ. بۇ جاي ئاسمان جىسىملىرىغا ئوخشاش ئورۇنلاشتۇرۇلغان بولۇپ، مەھشەر كۈنىگىچە كېلىشمەسلىكنىڭ چۈشۈشىدىن ساقلىنىپ قالىدۇ. يۈرىكى ئەنسىز سوقۇپ تۇرغان مۇجەللى قۇرلىرىغا تىلسىمات پۈتۈپ، مازارنىڭ تارىخىنى يېزىپ چىقتى.

وَنُورِدُ هَهُنَا الْقَصِيْدَةَ الْمُسَمَّاةَ بِلاَمِيَّةِ الْعَجَمِ الْمَشْهُوْرَةِ بَيْنَ الْفُضَلاَءِ
بِالْجَزَالَةِ وَالْمَتَانَةِ الْمُتَضَمِّنَةِ لاَنْوَاعِ الْحِكَمِ وَالْحَمَاسَةِ الْمَقْبُوْلَةِ
بَيْنَ فُحُولِ الشُّعْرَاءِ وَالْبُلَغَاءِ
لِمُؤَيِّدِ الدِّيْنِ الطُّغْرَائِيِّ مَنْ قَرَأَهَا تَعْلُو هِمَّتُهُ وَتَزْدَادُ حَمَاسَتُهُ وَتَتَوَقَّدُ ذُكَاتُهُ

اَصَالَةُ الرَّأْيِ صَانَتْنِي عَنِ الْخَطَلِ * وَحِلْيَةُ الْفَضْلِ زَانَتْنِي لَدَى الْعَطَلِ
مَجْدِي اَخِيْرًا وَمَجْدِي اَوَّلاً شَرَعٌ * وَالشَّمْسُ رَادَ الضُّحَى كَالشَّمْسِ فِي الطَّفَلِ

فِيْمَ الْاِقَامَةُ بِالزَّوْرَاءِ لاَسَكَنِي * بِهَا وَلاَنَاقَتِي فِيْهَا وَلاَ جَمَلِي
نَاءٍ عَنِ الْاَهْلِ صِفْرُ الْكَفِّ مُنْفَرِدٌ * كَالنَّصْلِ عُرِّيَ مَتْنَاهُ عَنِ الْخِلَلِ

فَلاَ صَدِيْقَ اِلَيْهِ مُشْتَكَى حَزَنِي * وَلاَ حَبِيْبَ اِلَيْهِ مُنْتَهَى جَذَلِي
طَالَ اغْتِرَابِيَ حَتَّى حَنَّ رَاحِلَتِي * وَرَحْلُهَا وَقَرَا الْعَسَّالَةِ الذُّبُلِ

وَضَجَّ مِنْ لَغَبٍ نِضْوِي وَعَجَّ لِمَا * يَلْقَاهُ قَلْبِي وَلَجَّ الرَّكْبُ فِي عَذَلِي
اُرِيْدُ بَسْطَةَ كَفٍّ اَسْتَعِيْنُ بِهَا * عَلَى قَضَاءِ حُقُوقٍ لِلْعُلَى قِبَلِي

وَالدَّهْرُ يَعْكِسُ اَمَالِي وَيُقْنِعُنِي * مِنَ الْغَنِيْمَةِ بَعْدَ الْكَدِّ بِالْقَفَلِ
وَذِي شَطَاطٍ لِصَدْرِ الرُّمْحِ مُعْتَقِلٌ * بِمِثْلِهِ غَيْرِ هَيَّابٍ وَلاَ وَكِلِ

www.uyghurkitap.com

بىز بۇ يەردە مۇشىيدىددىن تۇغرائىنىڭ ئۇلۇغلار ئارىسىدا ئۇزۇن ھەم جانلىقلىقى، تۇرلۇك ھېكمەتلەرنى ۋە باتۇرلۇقنى ئۆزئىچىگە ئالغانلىقى بىلەن داڭلىق ئەدىبلەرنىڭ قوبۇل كۆرۈشىگە ئېرىشكەن «لامىيەتۇل ئەجەم» دەپ ئاتالغان مەشھۇر قەسىدىسىنى كەلتۇردۇق. ئۇنى ئوقىغان كىشىنىڭ ھىممىتى ئارتىپ، باتۇرلۇقى ئاشىدۇ، زېھنى كۈچى ئۇرغۇيدۇ.

مېنىڭ سىرە (توغرا) كۆز قارىشىم مېنى تۇتۇرۇقسىز سۆزلەرنى قىلىشتىن ساقلاپ قالدى. پەزىلەتنىڭ زىننەت بۇيۇمى ماڭا (ماددى) زىننەتتىن ئايرىلغان ۋاقىتلىرىمدا (تازا) ياراشتى. مېنىڭ ئىلگىرىكى ۋە كېيىنكى شەۋكىتىم باراۋەردۇر. چاشگاھ ۋاقتىدىكى قۇياش ۋە (پېتىش ئۇچۇن) مايىل بولغاندىكى قۇياش ئوخشاشتۇر. (مەن) زەۋرا (جاي ئىسمى)دا نېمە دەپ تۇرىمەن؟ ئۇ يەردە مېنىڭ تۇرالغۇمۇ، ھىنگان ۋە بۇغرا تۆگىلىرىممۇ يوق. (مەن ئۇ يەردە) ئائىلىلىكلەر دىن يىراق. قۇرۇق قول، قىنىدىن سۇغۇرۇۋېلىنغان قىلىچقا ئوخشاش يەككە يېگانىدۇرمەن. غەم-قايغۇلىرىم شىكايەت قىلىنىدىغان دوستۇم ياكى شادلىقلىرىم يەتكۇزەلەيدىغان مەھبۇبەم يوق. مېنىڭ غېرىبلىقىم ئۇزۇن داۋاملاشتى. مېنىڭ تۆگەم ۋە تۆگەمنىڭ توقۇملىرىمۇ مۇك بىلەن غىچىرلىدى. يالتىراق نەيزىلەرمۇ شۇنىڭغا ئوخشاش (مۇڭلاندى). تۆگەم چارچىغانلىقتىن، جۇدىگەنلىكتىن كۆڭلۇمگە كەلگەن (بىئارامچىلىقلاردىن) بوتىلاپ يىغلىدى. باشقا يولچىلار مېنى ئەيىبلەشتى. مەن مەندىن ئىلگىرىكى ئالىيلارنىڭ (ئۇلۇغ ئەجداتلىرىنىڭ) ھەققىنى ئادا قىلىشتا ماڭا ياردىمى تېگىدىغان بىر قولنىڭ سۇنۇلىشىنى كۆزلەيتتىم. ھالىبۇكى، دەۋر مېنىڭ ئارزۇلىرىمنىڭ ئەكسىچە چىقىپ، مېنى جاپالاردىن كېيىن (قۇرۇق قول) قايتىش دېگەن غەنىيمەتلەر بىلەن قانائەتلەندۇردى. ئۇ نەيزىنىڭ قىرىغا ئوخشاش ھەيۋەتمۇ ئەمەس، بەك ئاجىزمۇ ئەمەس، تۇرقى بىلەن زومىگەرلىك قىلاتتى.

حُلْوُ الْفُكَاهَةِ مُرُّ الْجِدِّ قَدْ مُزِجَتْ * بِقَسْوَةِ الْبَأْسِ مِنْهُ رِقَّةُ الْغَزَلِ
طَرَدْتُ سَرْحَ الْكَرَى عَنْ وِرْدِ مُقْلَتِهِ * وَاللَّيْلُ اَغْرَى سِوَامَ النَّوْمِ بِالْمُقَلِ

وَالرَّكْبُ مَيْلٌ عَلَى الْاَكْوَارِ مِنْ طَرَبٍ * صَاحٍ وَآخَرُ مِنْ خَمْرِ الْكَرَى ثَمِلِ
فَقُلْتُ اَدْعُوكَ لِلْجَلِّي لِتَنْصُرَنِي * وَاَنْتَ تَخْذُلُنِي فِي الْحَادِثِ الْجَلَلِ

تَنَامُ عَيْنِي وَعَيْنُ النَّجْمِ سَاهِرَةٌ * وَتَسْتَحِيلُ وَصِبْغُ اللَّيْلِ لَمْ يَحُلِ
فَهَلْ تُعِينُ عَلَى غَيٍّ هَمَمْتُ بِهِ * وَالْغَيُّ يَزْجُرُ اَحْيَانًا عَنِ الْفَشَلِ

اِنِّي اُرِيْدُ طُرُوقَ الْحَيِّ مِنْ اِضَمٍ * وَقَدْ حَمَتْهُ رُمَاةٌ مِنْ بَنِي ثُعَلِ
يَحْمُونَ بِالْبِيضِ وَالسُّمْرِ اللِّدَانِ بِهِ * سُودَ الْغَدَائِرِ حُمْرَ الْحُلْيِ وَالْحُلَلِ

فَالْحُبُّ حَيْثُ الْعِدَى وَالْاُسْدُ رَابِضَةٌ * حَوْلَ الْكِنَاسِ لَهَا غَابٌ مِنَ الْاَسَلِ
نَؤُمُّ نَاشِئَةً بِالْجَزْعِ قَدْ سُقِيَتْ * نِصَالُهَا بِمِيَاهِ الْغَنْجِ وَالْكُحَلِ

قَدْ زَادَ طِيبُ اَحَادِيثِ الْكِرَامِ بِهَا * مَا بِالْكَرَائِمِ مِنْ جُبْنٍ وَمِنْ بَخَلِ
تَبِيتُ نَارُ الْهَوَى مِنْهُنَّ فِي كَبِدٍ * حَرَّى وَنَارُ الْقِرَى مِنْهُمْ عَلَى الْقُلَلِ

يَقْتُلْنَ اَنْضَاءَ حُبٍّ لَا حِرَاكَ بِهِمْ * وَيَنْحَرُونَ كِرَامَ الْخَيْلِ وَالْاِبِلِ

ئۇنىڭ چاقچاقلىرى ناھايىتى شېرىن ، ئەمەلىيىتى ناھايىتى ئاچچىق بولۇپ ، ئۇنىڭ دەھشەتلىك زەربىلىرى بىلەن مۇڭلۇق كۈيلىرىنى بىرلەشتۈرگەندى . مەن كۆز قارچۇقلىرىمدىن ئۆيقۇ پادىلىرىنى قوغلىدىم . ھالبۇكى، كىچە ئۆيقۇ پادىلىرىنى كۆزلەرگە كۈشكۈرتەتتى چىقىۋاتقان مۇڭلۇق كۈيلىرىدىن كارىۋانلار كاجۇلارغا قىيسىپ كېتىۋاتقان ، بەزىلەر ئۆيقۇ شارابىدىن مەستۇ-مەستۇغىرەك بولغان چاغدا مەن دېدىمكى ، مەن سەندىن ماڭا ياردەم بېرىپ (بۇ قىيىنچىلىقلارنى) كۆتۈرۈۋېتىشىڭنى تىلەيمەن ، ھالبۇكى ، سەن مېنى كۆتۈرۈپ قويۇۋسىز ھادىسىلەر ئىچىدە ياردەمسىز قالدۇرۇۋاتىسەن . مېنىڭ كۆزۈم ئۇخلايدۇ. (لېكىن) كېتىسەن يۇلتۇزلارنىڭ كۆزى بولسا ئۇخلىماستۇر. كېچىنىڭ بوياقلىرى (قاراڭغۇلىقلىرى) تېخى مەۋجۇت بولىدىكەن، ئۇنىڭ ئۇخلىشى مۇمكىن ئەمەس. سەن مەن ئىرادە قىلغان ئازغۇنلىقىمغا قارشى ياردەم بېرەمسەن ؟ ! ئازغۇنلۇق بەزى چاغلاردا ھەم قورقۇنچاق ئادەم بولۇشتىن ساقلاپ قالىدۇ . مەن مەھەللىگە كېچىسى گەرچە ئۇنى بەنى سۇئەل قەبىلىسىنىڭ مەرگەنلىرى ساقلاپ تۇرغان بولسىمۇ ئىزىم (جاي ئىسمى) تەرىپىدىن بېرىشنى ئويلايمەن . ئۇلار ئاپئاق قىلىچ ۋە توپتوز نەيزىلىرى بىلەن قارا چاچ ، زىننەت بۇيۇملىرى ۋە كىيىم - كېچەكلىرى قىزىل بولغان مەھبۇبىنى قوغدايدۇ . كېچە قويىنىدىكى چىغىر يوللىرىمىز بىزنى ئېپار- ئەمبەر پۇراقلىرى بىلەن توپتوغرا (قىزىل) كىيىملىك مەھبۇبىنىڭ قېشىغا ئېلىپ بارىدۇ . مەھبۇب دۈشمەنلەر بار ئەتراپتىكى ئۆۋىلاردا شىرلار بار جايدىدۇر. مەھبۇبىنىڭ يەنە نەيزىدىن ئىبارەت (پاناھلىنىدىغان) ئۆۋىسىمۇ بار. بىزنىڭ مەقسىتىمىز ئۆچى ناز- كەرەشمە ۋە مۇكەممەللىك سۈيى بىلەن سۇغۇرۇلغان مەھەللىدىكى (مەھەللىدە ئۆسكەن) يۇمران ئۆسۈملۈكلەردۇر. ئۇ ھەقتىكى پېشىۋالارنىڭ سۆزلىرى ناھايىتى ياخشى سۆزلەر بولۇپ ئۇلاردا ھېچقانداق قورقۇنچاقلىق، بېخىللىق (ئېپادىسى) مەۋجۇت ئەمەستۇر. ئۇلار سەۋەبىدىن ئىشىق ئوتى جىگەردىكى كۆيدۈرگۈچ ئوتقا ئايلاندى . ۋە ھالەنكى ئۇلارنىڭ زىياپەت ئوتى ئېگىز دۆڭلەرگە (يېقىلغان) دۇر.

ئۇلار جېنى يوق مۇھەببەت تۆگىلىرىنى ئۆلتۈرىدۇ. ئېسىل- ئات، ئۇلاغلارنى سويىدۇ.

يَشْفِي لَدِيْغَ الْعَوَالِي فِي بُيُوْتِهِمْ * بِنَهْلَةٍ مِنْ غَدِيْرِ الْخَمْرِ وَالْعَسَلِ

لَعَلَّ الْمَامَةَ بِالْجَزْعِ ثَانِيَةً * يَدُبُّ مِنْهَا نَسِيْمُ الْبُرْءِ فِي عَلَلِ
لاَ أَكْرَهُ الطَّعْنَةَ النَّجْلاَءَ قَدْ شُفِعَتْ * بِرَشْقَةٍ مِنْ نِبَالِ الْأَعْيُنِ النَّجْلِ

وَلاَ أَهَابُ الصِّفَاحَ الْبِيْضَ تُسْعِدُنِي * بِاللَّمْحِ مِنْ خَلَلِ الْأَسْتَارِ فِي الْكِلَلِ
وَلاَ أُخِلُّ بِغِزْلاَنٍ أُغَازِلُهَا * وَلَوْ دَهَتْنِي أُسُودُ الْغَابِ بِالْغِيَلِ

حُبُّ السَّلاَمَةِ يَثْنِي هَمَّ صَاحِبِهِ * عَنِ الْمَعَالِيْ وَيُغْرِي الْمَرْءَ بِالْكَسَلِ
فَإِنْ جَنَحْتَ إِلَيْهِ فَاتَّخِذْ نَفَقًا * فِي الْأَرْضِ أَوْ سُلَّمًا فِي الْجَوِّ فَاعْتَزِلِ

وَدَعْ غِمَارَ الْعُلَى لِلْمُقْدِمِيْنَ عَلَى * رُكُوْبِهَا وَاقْتَنِعْ مِنْهُنَّ بِالْبَلَلِ
رِضَى الذَّلِيْلِ بِخَفْضِ الْعَيْشِ يَخْفِضُهُ * وَالْعِزُّ بَيْنَ رَسِيْمِ الْأَيْنُقِ الذُّلُلِ

فَادْرَأْ بِهَا فِي نُحُورِ الْبِيْدِ جَافِلَةً * مُعَارِضَاتٍ مَثَانِي اللُّجْمِ بِالْجُدَلِ

إِنَّ الْعُلَى حَدَّثَتْنِي وَهِيَ صَادِقَةٌ * فِيْمَا تُحَدِّثُ أَنَّ الْعِزَّ فِي النُّقَلِ
لَوْ أَنَّ فِي شَرَفِ الْمَأْوَى بُلُوغَ مُنًى * لَمْ تَبْرَحِ الشَّمْسُ يَوْمًا دَارَةَ الْحَمَلِ

أَهَبْتُ بِالْحَظِّ لَوْ نَادَيْتُ مُسْتَمِعًا * وَالْحَظُّ عَنِّي بِالْجُهَّالِ فِي شُغُلِ

زەھەرلىك ھاشاراتلارنىڭ چېقىۋېلىشقا ئۇچرىغانلار ئۇلارنىڭ ئۆيىدىكى مەي ۋە ھەسەل كۆللىرىدىن قېنىپ شىپا تاپىدۇ. بەلكىم ئىككىنچى قېتىم ئەنسىزلىككە دۇچار بولىشىدىن كېسەلدىن خالى بولۇش ھىدى كېلىپمۇ قالار. چوك- چوك كۆزلىرىدىن ئوق تىغلىرىنى قوشلاپ ئېنىپ تۇرىۋاتقان كۆز زەر بىلىرىگە ئۆچلۈك بىلەن قارىمايمەن. نېپىز پەردە ئېچىدە تۇرۇپ پەردىلەر ئارقىسىدىكى نەزەرلىرى بىلەن مېنى بەختىيار قىلىۋاتقان پارقىراق نەيزىدىن (ئاق يۈزلۈك) ھەم ئەيمەنمەيمەن.

بابا ۋاندىكى شىرلارنىڭ ماڭا سۈيقەست قىلىش خەۋپى بولسىمۇ كىيىك (مەسەللىك مەھبۇب) لەر بىلەن غەزەل ئېيتىشىش (كۆڭۈل ئېچىش) قا دەخلى يەتكۈزمەيمەن. خاتىرجەملىكنى سۆيىۋش ئادەمنى ئۇلۇغۋار ئىشلاردىن توسۇپ ئادەمنى ھورۇنلۇققا ئۈندەيدۇ. ئەگەر سەن شۇنىڭغا مايىل بولساڭ يەر ئاستىغا تۇشۇك ئېچىپ ياكى ئاسمانغا شوتا ياساپ ئۆزۈڭنى چەتكە ئالغىن. يۈكسەكلىكنىڭ جاپالىرىنى شۇنى قولغا كىرگۈزۈشكە تىرىشقۇچىلارغا قويىۋېتىپ ئۇنىڭدىن بولغان نەملىك بىلەن كۇپايىلەنگىن.

خارلارنىڭ خار تۇرمۇشقا رازى بولۇشى ئۇلارنى تېخىمۇ خارلاشتۇرىدۇ. ئىززەت بولسا كۆندۈرۈلگەن تۆگە تۇياقلىرى ئارىسىدىدۇر. سەن ئۇلارنى ناھايىتى تېزلا قوش يۈگەننى ئىشىپ تەڭلىگەن ھالدا باياۋاننىڭ ئىچىگە قايتۇرىۋەت. سۆزلىرىدە سادىق بولغان يۈكسەكلىك ماڭا ئىززەت يۆتكىلىشىنە، دەپ ئېيتىپ بەردى. ئەگەر ئورنىمنىڭ ئىگىزدە بولۇشى ئارزۇغا يېتىش بولسا، قۇياش ھەمەل ئۆيىدىن (بۇرجىدىن) بىر كۈنمۇ مىدىرلىمايتتى ئەگەر مەن قانداق بىر ئادەمگە نىدا قىلسام ئۇنى تەلەي بىلەن قورقۇتاتتىم. ۋە ھالبۇكى، تەلەي تەلەي مەندىن قېچىپ جاھىللار بىلەن ئالدىراش بولىۋاتىدۇ.

لَعَلَّهُ انْ بَدَى فَضْلِي وَنَقْصُهُمُ * لِعَيْنِه نَامَ عَنْهُمْ اَوْ تَنَبَّهَ لِي

أُعَلِّلُ النَّفْسَ بِالْآمَالِ ارْقُبُهَا * مَا اَضْيَقَ الْعَيْشَ لَوْلاَ فُسْحَةُ الْاَمَلِ
لَمْ اَرْضَ بِالْعَيْشِ وَالْاَيَّامُ مُقْبِلَةٌ * فَكَيْفَ اَرْضَى وَقَدْ وَلَّتْ عَلَي عَجَلِ

غَالَى بِنَفْسِيَ عِرْفَانِي بِقِيمَتِهَا * فَصُنْتُهَا عَنْ رَخِيْصِ الْقَدْرِ مُبْتَذَلِ
وَعَادَةُ النَّصْلِ اَنْ يَزْهُوَ بِجَوْهَرِهِ * وَلَيْسَ يَعْمَلُ الاَّ فِي يَدَىْ بَطَلِ

مَا كُنْتُ أُوثِرُ اَنْ يَمْتَدَّبِي زَمَنِي * حَتَّي اَرَى دَوْلَةَ الْاَوْغَادِ وَالسَّفَلِ
تَقَدَّمَتْنِي رِجَالٌ كَانَ شَوْطُهُمُ * وَرَاءَ خَطْوِيَّ اذْ اَمْشِي عَلَي مَهَلِ

هَذَا جَزَاءُ امْرِئٍ اَقْرَانُهُ دَرَجُوا * مِنْ قَبْلِه فَتَمَنَّى فُسْحَةَ الْأَجَلِ
وَانْ عَلاَنِيَ مَنْ دُوْنِي فَلاَ عَجَبٌ * لِي اُسْوَةٌ بِانْحِطَاطِ الشَّمْسِ عَنْ زُحَلِ

فَاصْبِرْ لَهَا غَيْرَ مُحْتَالٍ وَلاَ ضَجِرٍ * فِي حَادِثِ الدَّهْرِ مَا يُغْنِي عَنِ الْحِيَلِ
اَعْدَى عَدُوِّكَ اَدْنَي مَنْ وَثِقْتَ بِهِ * فَحَاذِرِ النَّاسَ وَاصْحَبْهُمْ عَلَي دَخَلِ

فَانَّمَا رَجُلُ الدُّنْيَا وَوَاحِدُهَا * مَنْ لاَ يُعَوِّلُ فِي الدُّنْيَا عَلَي رَجُلِ
وَحُسْنُ ظَنِّكَ بِالْاَيَّامِ مَعْجَزَةٌ * فَظُنَّ شَرًّا وَكُنْ مِنْهَا عَلَي وَجَلِ

بـﻪلكىم تەلەيگـە مېنىڭ پـەزىلىتىم ۋە ئۇلارنىـڭ يېتەرسىزلىكلىرى نامايان بولسا، ئۇلارنى تاشلاپ ئۇخلىشى ياكى مەن ئۇچۇن ئويغىنىشى مۇمكىن. مەن قەلبىمنى كۆزدە تۇتقان ئارزۇلىرىم بىلەن پەپىلەيمەن. ئارزۇنىڭ چەكسىزلىكى بولمىسا دۇنيا نېمىدېگەن تار ـ ھە! مەن كۆنلەر ئىقبال قىلىۋاتقان چاغدا بۇ خىل تۇرمۇشقا رازى بولمىغان ئۇ بەختلىك كۆنلەر ناھايىتى تېزلا يۈز ئۆرۈپ كەتكەن تۇرسا.

